ئۆي، هويلا ـ ئارام لايىھىلەشكە دائىر كىتابلار

# يېزا تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى لايىھىلەش
# ۋە سېلىش



U-1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

TU241.4
U-1

ئۆي، هويلا ـ ئارام لايىھەلەشكە دائىر كىتابلار

# يېزا تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى لايىھەلەش ۋە سېلىش

تۈزگۈچى: ئابلىكىم تۇنىياز

新疆大学图书馆
民文图书 755MWS00021937

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ داشۆ كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابى
新疆大学图书馆藏书

**图书在版编目(CIP)数据**

农村住宅房设计：维吾尔文/阿布力克木·吐尼亚孜编著．－乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.7
（庭院设计丛书）
ISBN 978－7－228－10996－8

Ⅰ.农… Ⅱ.阿… Ⅲ.农村住宅－建筑设计－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. TU241.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2007）第 099487 号


庭院设计丛书

**农村住宅房设计**（维吾尔文）

---

**编　　著**　阿布力克木·吐尼亚孜
**责任编辑**　托合提·吐尔迪
**责任校对**　阿达来提·买合苏提
**封面设计**　米尔扎提·阿不都拉·塔吉
**出版发行**　新疆人民出版社
**电　　话**　(0991)2827472
**地　　址**　乌鲁木齐市解放南路 348 号
**邮政编码**　830001
**印　　刷**　乌鲁木齐大金马印务有限责任公司
**经　　销**　新疆维吾尔自治区新华书店
**开　　本**　880×1230 毫米　1/32
**印　　张**　3.125
**插　　页**　4
**版　　次**　2007 年 7 月第 1 版
**印　　次**　2007 年 7 月第 1 次印刷
**印　　数**　1—5000 册
**书　　号**　ISBN 978－7－228－10996－8
**定　　价**　6.00 元

---













# نەشرىياتتىن

«يېزىلار ، يېزا ئىگىلىكى ، دېھقانلار» خىزمىتى ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش» خىزمىتى پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرى. ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا ئالمىشىپ، كەسىپي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن قوللاش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ باشقا كەسىپلەرگە يۆتكىلىشىنى تېزلىتىش، شەھەرلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەمدەم بولۇش مەقسىتىدە بىز يېمەك - ئىچمەك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مېۋە - كۆكتات ساقلاش ۋە قۇرۇتۇش، دۇكاندارچىلىق، مۇلازىمەتچىلىك، ئۆي ۋە ھويلا - ئاراملارنى لايىھىلەش، پاكىز ئېنېرگىيىلەردىن پايدىلىنىش، يېزىلاردىكى يەر ھۆددىگەرلىكى، ھەمكارلىشىپ ئاۋالىنىش، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى، تۇرمۇش ساۋاتلىرى، قوش تىل ئۆگىنىش قاتارلىقلارغا ئائىت يورۇشلۇق كىتابلارنى تۈزدۈرۈپ ۋە بىر قىسمىلىرىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ نەشر قىلدۇق.

بۇ كىتابلارنى تۈزۈشتە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئاساسىي مۇددىئا قىلىندى؛ يېزىلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرمۇشىنى باياشات قىلىش نىشان قىلىندى؛ پەن - تېخنىكىنى «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسىپلىرىگە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا، دېھقان - چارۋىچىلارغا يېقىنلاشتۇرۇش» نىشان قىلىندى.

بىز بۇ كىتابلارنى ھەم يېزىقى بار ، ھەم رەسىمى بار قىلىپ تۈزۈپ ، دېھقان ـ چارۋىچىلار چۈشىنەلەيدىغان ، ئۆگىنەلەيدىغان ، ئىشلىتەلەيدىغان قىلىپ چىقىرىشقا تىرىشتۇق ، شۇنداقلا ئىلمىيلىكىگە ، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىغا كاپالەتلىك قىلدۇق . بىز بۇ كىتابلىرىمىزنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ، بىر قىسىم ئىش كۆتۈپ تۇرغانلارنى ، كەسپىي مائارىپ بويىچە تەربىيىلەنگۈچىلەرنى يېڭى تېخنىكا ، يېڭى بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرالايدىغانلىقىغا ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق بېيىشىغا ئەقلىي كۈچ ئاتا قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز .

بۇ يۈرۈشلۈك كىتابلارنى تۈزۈشكە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ساھەلەرنىڭ خادىملىرى تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ ، بىرىنچىدىن ۋاقىتنىڭ ئالدىراشلىقى ، ئىككىنچىدىن بۇ ساھەدىكى كىتابلارنى تۈزدۈرۈشتىكى تەجرىبىمىزنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ، يا ئۇنداق ، يا مۇنداق يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن . ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەيىب قىلىشىنى ۋە قىممەتلىك پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

# مۇندەرىجە


**بىرىنچى، يېزا تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى لايىھىلەش** ......... 1

1 . تۇرالغۇ ئۆيلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........... 1

2 . تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ لايىھە جەھەتتىن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى .......................................... 3

**ئىككىنچى، تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ بىرقانچە خىل لايىھە ئۈرنىكى** .......................................... 8

**ئۈچىنچى، خىش، بېتون ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق ئۆي-لەرنى سېلىشنىڭ مەشغۇلات جەريانى ۋە بىخە-تەرلىك تەلىپى** .......................................... 42

1 . ئۇل قۇرۇلۇشى .......................................... 42

2 . خىش تام قوپۇرۇش قۇرۇلۇشى ...................... 47

3 . پولات چىۋىقلىق ئىشىك بېشى.......................... 68

4 . پولات چىۋىقلىق تۈۋرۈك.............................. 69

5 . چارچاپ .......................................... 71

6 . خىش تامنى ئەنكاپلاش.......................... 72

7 . قوپۇرما قۇرۇلۇشنى قىشتا ئېلىپ بېرىش ......... 73

8 . ئۆگزە قۇرۇلۇشى .......................................... 75

9 . ئىشىك - دېرىزە قۇرۇلۇشى .......................... 76

10 . يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئۆيلەرنى سېلىشتا ئەھمىـ
يەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار ............ 77
**تۆتىنچى ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ..................... 80**
**بىناكارلىق شەرتلىك بەلگىلىرى ........................ 83**
**【قوشۇمچە】**
بىناكارلىقتا ئائىت بىر قىسىم ئاتالغۇلار .................. 87

# بىرىنچى ، يېزا تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى لايىھىلەش

## 1 . تۇرالغۇ ئۆيلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئىنسانلار ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ، بىرىنچىدىن ، يېمەك - ئىچمەككە ، ئىككىنچىدىن ، كىيىم - كېچەككە ، ئۈچىنچىدىن ، تۇرالغۇ ئۆيگە موھتاج . شۇڭا ، ياشاش ئۈچۈن بۇ ئۈچ شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك .

ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن باشلاپ تۇرالغۇ ئۆيلەرگە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن . قەدىمكى زاماندا دەل - دەرەخ شاخلىرى ۋە ئۆڭكۈر ، گەمىلەردىن پايدىلىنىپ تۇرالغۇ ئۆي ياساپ ئولتۇرغان بولسا ، ھازىر زامانىۋى ، چىرايلىق بېزەلگەن ، مۇۋاپىق ، ئازادە ، كۆركەم ، ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك - پسىخولوگىيىلىك تەلد- ىپىگە مۇۋاپىق ، تۇرمۇش ، خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە قولايلىق بولغان ئۆي - ئىمارەتلەردە ئولتۇرماقتا .

دېمەك ، كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلەرگە بولغان ئېھتىياجى كۈندىن - كۈنگە ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ، ئازلىقتىن كۆپ- لۈككە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا .

تۇرالغۇ ئۆيلەرنى لايىھىلەشتە يەر شارائىتى ، مەبلەغ ، نوپۇس سانى قاتارلىقلار ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

كىشىلەر ئۆي سېلىشنى پىلانلىغاندا ، لايىھەنى ئۆزىنىڭ ئەمە- لىي ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان قىلىپ پىلانلىشى ھەمدە ئۆز لايىھىسىگە ئاساسەن ، ئۆي چېرتيوژى (خەرىتىسى )نى سىزدۇرۇ- شى كېرەك .

شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي لايىھىسى قۇرۇلما جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ ، ئىشلىتىلىش جەھەتتىن پەرقلىندۇ .

شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك ، ئېھتىياجلىق ئۆيلىرى كۆپرەك ؛ يېزا ئاھالىسىنىڭ يەر شارائىتى يېتەرلىك ، تۇرالغۇ ئۆيلىرى چوڭراق ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىشى يېتەرسىزرەك بولىدۇ .

تۇرالغۇ ئۆيلەرنى لايىھىلىگەندە ئىمكانقەدەر قىش ـ ياز كۈنلىرى تولۇق پايدىلانغۇدەك بولۇشى كېرەك . چۈنكى ، يېزىلاردىكى دېھقان ئائىلىلىرى كەسپىي جەھەتتە دېھقانچىلىقنى ئاساس ، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ يەر شارائىتى يېتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ، تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ چوڭراق ، ئېھتىياجغا لايىق ، ئىچكى ـ تاشقى زىننەتلىرى كۆركەم ، ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ .

دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمەن ئۆي ئىچىنى لايىھىلەشتە ، ئۆي ئىچى رولىنىڭ مۇناسىپ تەلىپىگە ئاساسەن ، پايدىلىنىش بوشلۇقىنى ماھىيىتىدىن چۈشىنىپ ئۆينىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى پىلانلاپ ، ماددىي ، تېخنىكا جەھەتلەردىن ۋە بەزى ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ، يورۇق ـ ئازادە ، كۆركەم ، پۈتۈپ چىقىشى مۇكەممەل قىلىپ لايىھىلەشنى ياخشى كۆرىدۇ .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر بىناكارچىلىقى تېز تەرەققىي قىلىپ ، قۇرۇلمىسى ، شەكلى ، ياساش تېخنىكىسى ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە نەقىش بېزەكچىلىكى جەھەتتە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلمەكتە .

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ، يېزا ئاھالىسىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدىمۇ غايەت

زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى . نۆۋەتتە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ سۈپەت ، تېخنىكا تەلىپى يۇقىرى ، يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق بولۇشى تەشەببۇس قىلىنماقتا .

ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىدا تۇرالغۇ ئۆيلەرنى سېلىشنىڭ ئومۇملاشقان ئۇسۇللىرىدىن ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي سېلىش ، خىش ، بېتون ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق ئۆي سېلىش ، بېتون قۇرۇلمىلىق ئۆي سېلىش قاتارلىقلار بار .

## 2 . تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ لايىھە جەھەتتىن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ لايىھە چېرتيوژى (خەرىتىسى ) تەكشى يۈز چېرتيوژى ، ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى ، كەسمە يۈز چېرتيوژى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

### 1) تەكشى يۈز چېرتيوژى

تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ تەكشى يۈز چېرتيوژى — ئۆينىڭ گورىزونتال تەكشىلىكتە ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىنى بويلاپ كېسىۋېلىنغان تۆۋەنكى گورىزونتال تەكشى يۈز قىسمى .

تەكشى يۈز چېرتيوژىدا ئەمەلىي يەر شارائىتىغا ئاساسەن ، مېھمانخانا ، ياتاقخانا ، ئاشخانا ، كارىدور ، ئىشىك ـ دېرىزە ، پېشايۋان قاتارلىقلار ئىپادىلىنىدۇ .

ئۆيلەرنىڭ تەكشى يۈز چېرتيوژىنى كۆرۈشكە قويۇلىدىغان تەلەپ


(1) چېرتيوژ ئىسمى ، چېرتيوژ ماسشتابىغا قاراش .

(2 ) ئۆينىڭ ئالدى يۈز تەرىپىنى كۆرسىتىش بەلگىسىنىڭ يۆنىلىشىگە قاراش .

(3 ) ئۆينىڭ سىرتقى شەكلى ۋە ئىچكى تاملىرىنىڭ ئايرىلىش ئەھۋالى ، ئۆينىڭ تەكشىلىكتىكى شەكلى ۋە خانىلەرگە بۆلۈنۈشى ،

ئىشلىتىلىشى ، سانى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى (مەسىلەن ، كىرىش ئېغىزى ، كارىدور ، پەلەمپەي ۋە خانىلەرنىڭ ئورنى قاتارلىقلار) گە قاراش .

(ئەسكەرتمە : بۇ كىتابتىكى چېرتيوژلاردىكى سان ـ سىپىر-لارنىڭ بىرلىكى mm )





تەكشى يۈز چېرتيوژى

(4) تام ئوق سىزىقلىرىنىڭ نومۇرى ، ئارىلىق ئۆلچىمى ، شۇنداقلا ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تاملىرى (ياكى تۈۋرۈكلىرى)نىڭ ئورنى بىلەن ئۆيلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى قاتارلىقلارغا قاراش .

(5) تەكشى يۈز چېرتيوژىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆلچىمى ، سىرتقى ۋە ئىچكى قىسىم ئۆلچەملىرىنىڭ بۆلۈنۈشى ، ھەرقايسى ئۆلچەملەرنىڭ ئۆز ئورنىدا ئىپادىلىنىشى ، خانىلارنىڭ ۋە ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى قاتارلىقلارغا قاراش .

**2 ) ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى**

ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى — قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى سىرتقى تەرەپلىرىگە پاراللېل بولغان تەسۋىرى .



ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى

ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژىنى كۆرۈشكە قويۇلىدىغان تەلەپ :

(1) ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى ئىسمى ، ماسشتابى ، ئۆينىڭ قايسى كۆرۈنۈش تەسۋىرى ، خەرىتىدىكى ماسشتابىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى تەكشى يۈز چېرتيوژى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆرۈش .


(2) ئۆينىڭ ئالدى كۆرۈنۈش سىرتقى شەكلى بىلەن ئىشىك - دېرىزە ، پەشتاق (سۇپا) ، مورا ، تۇرۇبا (يامغۇر چۈشۈش تۇرۇبىسى) قاتارلىقلارنىڭ ئورنىغا قاراش .

(3) ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژىنىڭ ئېگىزلىك ئۆلچىمى (ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى سىرتقى يۈز تەكشىلىكى ، چىقىش - كىرىش ئېغىزىنىڭ ئاستى يۈزى ، تاشقى پەۋاز ، دېرىزە بوشلۇقى ، چوڭ ئىشىك قاتارلىقلارنىڭ ئېگىزلىكى)گە قاراش .

(4) ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژىدىكى شەرتلىك بەلگىلەرگە دىققەت قىلىش .

### 3 ) كەسمە يۈز چېرتيوژى

قۇرۇلۇشنىڭ كەسمە يۈز چېرتيوژى — بىر ئىمارەتنى تۈز تەكشىلىكتە سىرتقى تامغا تىك قىلىپ كېسىپ ئۆيدىن ئايرىغاندىن كېيىن ، كۆزەتكۈچى بىلەن تەكشىلىك ئارىسىدا ھاسىل بولغان تەسۋىر .




كەسمە يۈز چېرتيوژى

كەسمە يۈز چېرتيوژىنى كۆرۈشكە قويۇلىدىغان تەلەپ :

(1) چېرتيوژ ئىسمى ، ئوق سىزىق نومۇرى ، ماسشتابى قاتارلىقلارنى تۆۋەنكى تەكشى يۈز چېرتيوژى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كۆرۈش ؛ كەسمە يۈز ئورنى بىلەن تەسۋىر يۆنىلىشىنى جەزملەشتۈرۈش ، ئۆينىڭ قايسى تەرىپىنىڭ تەسۋىرى ئىكەنلىكىنى بىلىش .

(2) ئۆي ئىچىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە قۇرۇلما شەكىللىرى ،

مەسىلەن ، ئۆگزىنىڭ قۇرۇلما شەكلى ھەم تۇۋرۇك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىش .

(3 ) ئۆينىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئېگىزلىكى ، مەسىلەن ، ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى ، سىرتقى يۈزى ، ئىشىك ـ دېرىزە ئۈستى ، دېرىزە تەكچىسى قاتارلىقلارنىڭ ئېگىزلىكى ، ئۆي ئىچىنىڭ ئىچكى يۈز ئېگىزلىكى قاتارلىقلارغا قاراش .

(4 ) پول يۈزى ، ئۆگزىنىڭ تۈزۈلۈشى ، كەسمە يۈز چېرتيوژىدا ئىپادىلەنمىگەن پول يۈزى ، ئۆگزىنىڭ شەكلى ھەم ماتېرىياللىرىنىڭ قەۋەتلەر تەرتىپىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى قاتارلىقلارغا قاراش .


(5 ) چېرتيوژدىكى مۇھىم ئورۇنلارنىڭ يانتۇلۇق ئۆلچىمى ، مەسىلەن ، ئۆگزىنىڭ يانتۇلۇقى قاتارلىقلارغا قاراش .

6 . چېرتيوژدىكى شەرتلىك بەلگىلەرگە قاراش ، شەكىل يۈزىدە ئىپادىلەش قىيىن بولغان ئورۇنلارنىڭ شەرتلىك بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىشىگە دىققەت قىلىش .


# ئىككىنچى ، تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ بىر قانچە خىل لايىھە ئۆرنىكى

## 1 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى | $276.6\ m^2$= 0.42مو |
| قۇرۇلۇش كۆلىمى | $93\ m^2$ |
| پېشايۋان كۆلىمى | $14\ m^2$ |
| قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 34134 دانە |




تەكشى يۈز چېرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى





كەسمە يۈز چېرتيوژى

## 2 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى | 0. 21 مو = $143\ m^2$ |
| قۇرۇلۇش كۆلىمى | $82\ m^2$ |
| قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 30670 دانە |




تەكشى يۈز چېرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى





كەسمە يۈز چېرتيوژى

# 3 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى | 287 m² = مو 0.43 |
| قۇرۇلۇش كۆلىمى | 123 m² |
| قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 48967 دانە |




تەكشى يۈز چىرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چىرتيوژى




كەسمە يۈز چېرتيوژى

4 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| 324 m$^2$ = مو 0.49 | ئومۇمىي يەر كۆلىمى |
| 156 m$^2$ | قورۇلۇش كۆلىمى |
| 27 m$^2$ | پېشايۋان كۆلىمى |
| دانە 49281 | قورۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى |




تەكشى يۈز چېرتيوژى



ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى





كەسمە يۈز چېرتيوژى


## 5 ـ خىل لايىھە

| | |
|---|---|
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى | 384 m² = 0.58 مو |
| قۇرۇلۇش كۆلىمى | 144 m² |
| پېشايۋان كۆلىمى | 20 m² |
| قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 50303 دانە |

新疆大学图书馆





تەكشى يۈز چېرتيوژى



ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى


新疆大学图书馆





كەسمە يۈز چېرتيوژى

## 6 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى | 314 $m^2$ = 0.47 مو |
| قۇرۇلۇش كۆلىمى | 143 $m^2$ |
| قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 49023 دانه |




تەكشى يۈز چىرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چىرتيوژى





كەسمە يۈز چېرتيوژ

## 7 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| 278.8 m$^2$＝مو 0.42 | ئومۇمىي يەر كۆلىمى |
| 125 m$^2$ | قۇرۇلۇش كۆلىمى |
| 43761 دانە | قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى |




تەكشى يۈز چىرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چىرتيوژى





كەسمە يۈز چېرتيوژى

## 8 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى | 346 m²=مو 0.53 |
| قورۇلۇش كۆلىمى | 91 m² |
| پېشايۋان كۆلىمى | 12 m² |
| قورۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 34198 دانە |




تەكشى يۈز چىرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چىرتيوژى





كەسمە يۈز چېرتيوژى

## 9 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى | 329 m²=مو 0.49 |
| قۇرۇلۇش كۆلىمى | 97 m² |
| پېشايۋان كۆلىمى | 14 m² |
| قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 39844 دانە |




تەكشى يۈز چېرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى





كەسمە يۈز چېرتيوژى

## 10 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى | 376 $m^2$= مو 0.57 |
| قورۇلۇش كۆلىمى | 168 $m^2$ |
| قورۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 54852 دانە |




تەكشى يۈز چېرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى





كەسمە يۈز چېرتيوژى

## 11 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى | $364\ m^2 =$ مو 0.55 |
| قۇرۇلۇش كۆلىمى | $163\ m^2$ |
| قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 56176 دانە |




تەكشى يۈز چېرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى





كەسمە يۈز چىرتيوژى

## 12 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| ئومۇمي يەر كۆلىمى | $249.6\ m^2$= مو 0.37 |
| قورۇلۇش كۆلىمى | $137\ m^2$ |
| قورۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 44626 دانە |




تەكشى يۈز چىرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چىرتيوژى





كەسمە يۈز چېرتيوژى

## 13 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى | 0.53 مو = $353.4\ m^2$ |
| قۇرۇلۇش كۆلىمى | $158\ m^2$ |
| قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 54385 دانە |




تەكشى يۈز چېرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى





كەسمە يۈز چىرتيوژى

## 14 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى | $330\ m^2 =$ 0.5 مو |
| قۇرۇلۇش كۆلىمى | $156\ m^2$ |
| قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 44462 دانە |




تەكشى يۈز چىرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى





كەسمە يۈز چېرتيوژى

## 15 - خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| $363\ m^2$ = مو 0.54 | ئومۇمىي يەر كۆلىمى |
| $150\ m^2$ | قۇرۇلۇش كۆلىمى |
| دانە 49867 | قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى |




تەكشى يۈز چېرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى





كەسمە يۈز چېرتيوژى

## 16 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى | 275 m$^2$ = 0. 41 مو |
| قۇرۇلۇش كۆلىمى | 160 m$^2$ |
| قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 50876 دانە |




تەكشى يۈز چېرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى





كەسمە يۈز چېرتيوژى

## 17 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| 302 m$^2$=مو 0.45 | ئومۇمىي يەر كۆلىمى |
| 156 m$^2$ | قۇرۇلۇش كۆلىمى |
| 50664 دانە | قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى |




تەكشى يۈز چېرتيوژى




ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى





كەسمە يۈز چېرتيوژى

## 18 ـ خىل لايىھە


| | |
|---|---|
| ئومۇمىي يەر كۆلىمى | 364.5 $m^2$ = 0.55 مو |
| قۇرۇلۇش كۆلىمى | 186 $m^2$ |
| قۇرۇلۇشقا كېتەرلىك خىش سانى | 62087 دانە |




تەكشى يۈز چېرتيوژى



ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى




كەسمە يۈز چىرتيوژى

# ئۈچىنچى، خىش، بېتون ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى سېلىشنىڭ مەشغۇلات جەريانى ۋە بىخەتەرلىك تەلىپى

## 1. ئۇل قۇرۇلۇشى

ئۇل قۇرۇلۇشى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ ئاۋۋال ئىشلىنىدىغان ۋە ئالدىن ئويلىشىلىدىغان مۇھىم جەريان بولۇپ، ئۇنى ئىشلەشتىن بۇرۇن يەرنىڭ توپا قاتلىمىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كېرەك.


ئۇل قۇرۇلۇشىنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن چېرتيوژدا كۆرسىتىلگەن ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك ئۆلچەملىرى بويىچە ئۇل ئوق سىزىقلىرى بەلگىلىۋېلىنىدۇ، ئاندىن بۇ سىزىقلارغا ئاساسەن ئۇل ئورىكى ئاساسىنىڭ ئورنى بەلگىلىنىدۇ.

ئۆينىڭ ئۇل قۇرۇلۇشىنى ئىشلىگەندە، ئۇل ئورىكى تېگىنىڭ كاۋاك بولۇپ قېلىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇل ئاساسىنى پۇختا خاڭداش لازىم.

ئومۇمىي ئۇل ئېگىزلىكىنى ھەرقايسى رايونلار شۇ جاينىڭ تۇپرىقىنىڭ قىشلىق توڭلاش قېلىنلىقىغا ئاساسەن بەلگىلىسە بولىدۇ. ئۇلنىڭ ئاستى يۈزى چوقۇم تۇپراقنىڭ ئەڭ ئاستى توڭلاش يۈزىدىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك.

**1 ) تاش ئۇل قويۇش ئۇسۇلى**

ياپىلاق تاش بىلەن تام ئۇلىنى قوپۇرۇشتىن ئاۋۋال تاش تاللاش، تاش يۈزىنى چىقىرىش، تانا تارتىش، ئۆلچەم خادىسى ئورنىتىش، تۈز قوپۇرۇش تانىسى تارتىش قاتارلىق ئىشلار ئىشلىنىدۇ .





3 .1 ـ چېرتيوژ : سىرتقى تام ئۇلىنىڭ توغرا كەسمىسى

ئۇل ئاساسىنىڭ ئېگىزلىكى 0.4 m ، كەڭلىكى (تاش ئۇل قىسمى ) 0.8 m بولغان ئۆي ئۇلىنىڭ توغرا كەسمە يۈزى

يۈزلۈك تاشنى تاللاشتا يۈزى بولسا ئېلىش، يۈزى بولمىسا دوقا تاش ئېلىش كېرەك . تاشنىڭ يۈزى بولمىسا كېرەكسىز قىسمىنى بولقا بىلەن ئۇرۇپ چىقىرىۋېتىپ يۈز ياساش، ئاندىن ئۇلغا قويۇش كېرەك . تانا تارتىش، ئۆلچەم خادىسى ئورنىتىش، تۈز قوپۇرۇش تانىسى تارتىش ئۇسۇلى خىش تام قوپۇرۇش ئۇسۇلىدىكىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ .

تاش ئۆل قۇرۇلۇشىدا ئۆلنىڭ ئايلانما بۆلۈكى ۋە T شەكىللىك ئۆلانما ئايلانما بۆلۈكىغا بۆلۈك قىرى تۈز بولغان «بۆلۈك تاش» ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تىك بۆلۈك تەرىپى سىرتقى تام بۆلۈكىنىڭ بىر يۈزىگە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇزۇن - قىسقىلىق شەكلىگە ئاساسەن، بويىغا، توغرىسىغا تۇتاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ.




3.2 - چېرتيوژ: ئىچكى تام ئۆلىنىڭ توغرا كەسمىسى

ئۆل ئاساسىنىڭ ئېگىزلىكى 0.4 m، كەڭلىكى (تاش ئۆل قىسمى) 0.6 m بولغان ئۆي ئۆلىنىڭ توغرا كەسمە يۈزى

T شەكىللىك ئۆلاقتا تۈزرەك كەلگەن ئۇزۇنچاق، چاسا تاش ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى قويۇشتا ئۇزۇنلۇقى، بويى، توغرىسى، ئاستى - ئۈستى چاكلىرىنى ئۆزئارا تولدۇرۇپ، گىرۋەكلىرىنى چىشلەشتۈرۈپ قويۇش لازىم.

**2 ) ئۇل گەۋدىسىنى قوپۇرۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار**

بىرىنچى قەۋەتتىكى تاشنى قويغاندا يۈزىنى ئاستىغا قارىتىپ قويۇش ، قالغان قەۋەتلەردە تاشنىڭ تەبىئىي شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزئارا زىچ تۇتاشتۇرۇش ھەمدە بىر تەرىپى تۈزرەك بولغان تاشلارنى تاللاپ ، يۈزىنى سىرتقا قارىتىپ قويۇش ، چوڭراق ئاراشلارنى تاش پارچىلىرى بىلەن تولدۇرۇپ ، تاش بىلەن تاش ئوتتۇرىسىدىكى كاۋاكلارنى سېمونتلىق قۇم لاي بىلەن تولدۇرۇش لازىم . بۇنىڭدا ئاستى ـ ئۈستى تاشلار چاك بېسىپ تۇرۇشى ، ئىچى ـ تېشى تۇتىشىشى كېرەك . تام ئىچىگە ۋە سىرتقى يۈزىگە قىيپاش يۈزلۈك تاشلارنى قويۇش ، ئارىلىقنى تولدۇرۇپ قوپۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ . ئۇلىغۇچ تاشلارنىڭ ئاستى ـ ئۈستى ئۇلىغۇچ قەۋەتلىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ قوپۇرۇش ، قوپۇرمىنىڭ چاكلىرىنى 20 mm～30 mm ئەتراپىدا كونترول قىلىش لازىم . ئۇل قوپۇرۇلۇپ ئۇل قەۋىتى لايىھەدىكى ئېگىزلىككە يەتكەندە ئومۇمىيۈزلۈك نىۋېلىرلەپ ، ئۈستى يۈزىنى تەكشىلەش لازىم . تاش ئۇلنى قوپۇرۇشتا M 5.0 نومۇرلۇق سېمونتلىق قۇم لاي ئىشلىتىلىدۇ .

(1 ) سېمونتلىق قۇم لاي چىدامىلىق دەرىجىسى بويىچە M10. 0 ، M8. 0 ، M5. 0 ، M3. 0 ، M2. 5 قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ .


(2 ) سېمونتلىق قۇم لاي ماتېرىيالىغا قاراپ ئارىلاشما قۇم لاي ، ھاكلىق قۇم لاي قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ .

تاش ئۇل قوپۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سېمونتلىق قۇم لاي نىسبىتى :

C32. 5 نومۇرلۇق سېمونت 88. 75 كىلوگرام ، قۇم 390 كىلوگرام ، سېمونت بىلەن قۇمنىڭ نىسبىتى 4 .4 :1 .


3 ) پولات چۆيقلىق بېتون ئۈل لىمىنىڭ ئىشلىنىشى


پولات چۆيقلىق بېتون ـ سېمونت ، قۇم ، شېغىل ۋە سۇنىڭ نىسبەت بويىچە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمە .




3 .1 ـ رەسىم : ئۆلچىمى 240 mm×370 mm
(ئېگىزلىكى 240 mm ، كەڭلىكى 370 mm ) بولغان
بېتون ئۈل لىمىنىڭ توغرا كەسمە يۈزى

كەسمە يۈزدىكى شەرتلىك بەلگىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى :






**4 ) پولات چىۋىقلىق بېتون لىم لېيىنىڭ تەييارلىنىش باسقۇچلىرى**

ئۇلنىڭ بېتون لىمىغا C20 نومۇرلۇق بېتون لاي ئىشلىتىلىدۇ .

$0.25 \text{ m}^3$ بېتون لاي (C20 نومۇرلۇق بېتون لاي ) تەييارلاشقا كېتىدىغان ماتېرىياللار :

R32.5 نومۇرلۇق سېمونت 82.5 كىلوگرام ، قۇم 186.5 كىلوگرام ، 5 mm~20 mm لىق شېغىل 131.3 كىلوگرام ، 20 mm~40 mm لىق شېغىل 160.25 كىلوگرام ، سۇ 39.5 كىلوگرام .

تام قوپۇرۇشتىن ئاۋۋال زەي توسۇش قەۋىتى ئىشلىنىدۇ . بۇنىڭدا پۈتكۈل تامنىڭ پول يۈزىدىن 5 cm ئاستىغا ماي قەغەز ياكى سۇ ئۆتكۈزمەس سېمونتلىق قۇم لاي سېلىنىدۇ .

ئۇلنىڭ كۆمۈلگەن قىسمىنى C10 نومۇرلۇق سېمونت لاي بىلەن سۇۋاش ھەمدە قارا ماي سۈركەپ چىرىشتىن ساقلاش كېرەك .


## 2 . خىش تام قوپۇرۇش قۇرۇلۇشى

**1 ) دائىم ئىشلىتىلىدىغان تام قوپۇرۇش سايمانلىرى**

(1 ) قالاق . تام قوپۇرغاندا لاي سېلىش ، لاي ياتقۇزۇش ۋە قىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . ئۇ شاپتۇلسىمان ، ئۈچبۇلۇڭ شە-

كىلىلىك (3 .2 ـ رەسىم ) ۋە ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ .

(2 ) يونۇغۇچ . خىشلارنى يونۇش ، پارچىلاش ئۈچۈن ئىشلەتىلىدۇ . يونۇغۇچنىڭ بىر تەرىپى كىچىكرەك بولقىغا ئوخشاش تەكشى ، يەنە بىر تەرىپى چوتىنىڭكىدەك بىسلىق بولىدۇ (3 .3 ـ رەسىم ) ، لېكىن بىسى بىلەن سېپى تۈز سىزىقتا بولىدۇ . خىش پارچىلىغاندا بىسلىق تەرىپى ئىشلىتىلىدۇ . يونۇغۇچ تام قوپۇرغاندا قالاق بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ .




3 .2 ـ رەسىم : قالاق




3 .3 ـ رەسىم : يونۇغۇچ

(3 ) ۋاداۋ (تامچىلىق ئەسۋابى ) . ئۇ خىش پارچىلاش ، لاي ياتقۇزۇش ، لاي قىرىش ، خىش قۇيۇش ، قوپۇرۇشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنىڭ بىرى بولۇپ ، پىچاققا ئوخشايدۇ (3 .4 ـ رەسىم ) .

(4 ) لاي تۈزلەش چۆپگىزى . بۇ خىل چۆپگەز ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ ، بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ ، تۇتقۇچى بولىدۇ (3 .4 ـ رەسىم ) .



3 .4 ـ رەسىم : ۋاداۋ




3 .5 ـ رەسىم : لاي تۈزلەش چۆپگىزى

(5) يىپ تېشى . ئۇ تام يۈزىنى ، بۇلۇڭ ، خىش تۈۋرۈك ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى تەكشۈرۈش ، تام قوپۇرۇش جەريانىدا قوپۇرغان تامنىڭ تىكلىك دەرىجىسىنى تۈغرىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ (3 .6 ـ رەسىم) .

(6) چۆپگەز (تامنىڭ گورىزونتال تەكشى يۈزىنى ئۆلچەش چۆپگىزى) . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 m ، كەڭلىكى 0.12 m بولۇپ ، مەركىزي سىزىقتا مەركىزي يىپ تېشى ئېسىلغان بولىدۇ . ئۇ قوپۇرۇلغان تامنىڭ تەكشىلىك ۋە تۈزلۈك دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ (3 .7 ـ رەسىم) .

(7) تۈز قوپۇرۇش تانىسى (يىپى) . ئۇ قوپۇرۇلغان خىش قەۋىتىنىڭ تەكشىلىكى ، خىش چېكىنىڭ قېلىنلىقى ۋە تۈزلۈكىنى ئىگىلەشنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ .






3 .6 ـ رەسىم : چۆپگەز ۋە يىپ تېشى

3 .7 ـ رەسىم چۆپگەز

3 .8 ـ رەسىم : ئۆلچەم خادىسى

(8) ئۆلچەم خادىسى . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 m ، كەڭلىكى 0.1 m بولۇپ ، تىك يۆنىلىشلىك تام ئۆلچىمىنى كونترول قىلىدىغان بەلگە ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدا نومىنال (ئۆلچەملىك) ئېگىزلىكمۇ كونترول قىلىنىدۇ . بۇ ئارقىلىق تام يۈزىنىڭ تەكشى ، لاي قېلىنلىقىنىڭ ئوخشاش بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ ، تامنىڭ

نومىنال ئېگىزلىكى ۋە تەكشىلىكى ساقلىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تىك يۆنىلىشتە قالدۇرۇلىدىغان ئىشىك ، دېرىزە ، دېرىزە تەكچىسى ، ئىشىك بېشى ، ئىشىك لەمپىسى ، پول قاتارلىقلارنىڭ نومىنال ئېگىزلىك ئورنى ئۆلچەپ چىقىلىدۇ (3 .8 ـ رەسىم) .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، تامچىلىقتا يەنە خىش قىسقۇچ ، يۆگىمە مېتىر ، شەيتان ، لاي ئېتىش ئوقۇرى ، قول هارۋىسى قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ .

**2 ) خىش تام قوپۇرۇش مەشغۇلاتى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تېخنىكىلىق تەلەپلەر**

1 . خىش

خىش رەڭگى بويىچە كۆك خىش ۋە قىزىل خىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ . چىداملىق دەرىجىسى بويىچە Mu5. 0 ، Mu7. 5 ، Mu10 ، Mu15 ، Mu20 قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ . ماتېرىيالىغا قاراپ ، سېغىز توپىلىق خىش ، بېتونلۇق خىش ، فارفور خىش ، داشقال خىش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ .


ئۆلچەملىك خىشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 240 mm ، كەڭلىكى 115 mm ، ئېگىزلىكى (قېلىنلىقى ) 53 mm بولىدۇ (3 .9 ـ رەسىم) .

2 . مەشغۇلات ئۇسۇللىرى

بىناكارلىق ئىشچىلىرى ئۇزۇن مۇددەتلىك مەشغۇلات ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆپ خىل تام قوپۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلدى .

(1) «ئۈچ بىر» تام قوپۇرۇش ئۇسۇلى . بۇنىڭدا «بىر قالاق لاي ، بىر دانە خىش ، بىر قېتىم چىڭداش» ئۇسۇلى قوللىنىدۇ . بۇ خىل ئۇسۇلدا تەكشى چاكىنىڭ تولدۇرۇلۇشىغا ، لاينىڭ تەكشى يېيىتىلىشىغا ، سۇپەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ ، تام يۈزى-

ىنىڭ مەينەت بولۇپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ .





9.3 ـ رەسىم : ئۆلچەملىك خىش

(2 ) لاي ، خىش ئېلىش . بۇنىڭدا تام قوپۇرغۇچى تامنى بويلاپ يانتۇ تۇرۇپ ، ئالدىدىن كەينىگە چېكىنىپ خىش قويۇپ ماڭىدۇ . بۇنداق قىلغاندا قوپۇرۇلغان تام يۈزىنىڭ تەكشى ، تۈز چىققان ـ چىقمىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت تەكشۈرۈپ تۇرغىلى بولىدۇ . لاي ئالغاندا چاكىنىڭ قېلىنلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن ئېلىش ، بىر دانە خىشقا كېرەكلىك مىقدارنى ئاساس قىلىش كېرەك . خىش ئالغاندا تاللاپ ئېلىش ، بىرلا ۋاقىتتا سول قولدا خىش ، ئوڭ قولدا سېمونتلىق قۇم لاينى ئېلىش لازىم .

(3 ) چىڭداش . سېمونتلىق قۇم لاينى ياتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ، سول قول بىلەن خىشنى ئېلىپ ، قويۇپ بولغان خىشتىن 3 cm～4 cm نېرى تۇرۇپ ، خىشنى لايغا تۈز قويۇش ھەمدە لاي يۈزىنى تەكشىلەپ بىر ئاز قىرىپ ئېلىپ خىشنىڭ ئۈچىدىكى تىك چاك ئىچىگە قويۇپ ، ئاندىن خىشنى مىدىرلىتىپ ، بېسىپ ، تام يۈزىگە بېسىلىپ چىققان لاينى قىرىپ ئېلىپ تىك

چاك ئىچىگە تاشلاش كېرەك . خىشنى مىدىرلاتقاندا ، ئۈستىدىن ئاستىغا ، ئاستىدىن تام يۈزىگە قارىتا مىدىرلىتىش كېرەك . خىشنى مىدىرلىتىپ بېسىشتىن مەقسەت سېمونتلىق قۇم لاي بىلەن تولدۇرۇشتىن ئىبارەت . سېمونتلىق قۇم لاي نېپىز ياتقۇزۇلغان بولسا يېنىك بېسىش ، قېلىن ياتقۇزۇلغان بولسا كۈچەپرەك بېسىش ھەمدە ياتقۇزۇلغان لاي ۋە خىش ئورنىغا ئاساسەن ئالدى ـ كەينىگە ، ئوڭ ـ سولغا مىدىرلىتىپ بېسىش كېرەك . قىسقىسى ، ئاستى تەرىپى خىش قىرىغا ، ئۈستى تەرىپى تانىغا توغرا كەلگۈچە مىدىرلىتىپ بېسىش لازىم .

(4 ) ۋاداۋ بىلەن تام قوپۇرۇش . بۇ ۋاداۋ بىلەن لاي يېپىشتۇرۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ (3 .10 ـ رەسىم ) .




3 .10 ـ رەسىم : ۋاداۋ بىلەن تام قوپۇرۇش

ۋاداۋ بىلەن تام قوپۇرغاندا ، ئوڭ قولغا ۋاداۋ ، سول قولغا خىش ئېلىنىپ ، سېمونتلىق قۇم لاي خىشنىڭ بىر تەرىپىگە ۋاداۋ ئارقىلىق يېپىشتۇرۇلىدۇ ، ئاندىن خىش ئايلاندۇرۇلۇپ خىشنىڭ كۆپ قىسىم يۈزىگە سېمونتلىق قۇم لاي يېپىشتۇرۇلىدۇ ، يەنە بىر تەرىپىگە ئازراق يېپىشتۇرۇلىدۇ . سېمونتلىق قۇم لاينى تەكشى

يېپىشتۇرۇش كېرەك ، ئارىلىقىدا كاۋاك قالدۇرۇشقا بولمايدۇ (تۆت ئەتراپى قېلىنراق ، ئوتتۇرىسى نېپىزرەك بولىدۇ ) . باش چاكىنمۇ سېمونتلىق قۇم لاي بىلەن تولدۇرۇش لازىم . سېمونتلىق قۇم لاينى يېپىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن خىشنى تام ئۈستىگە قويۇپ ، ئۆلچەم تانىسى بىلەن تۈز بولغۇچە يېنىك بېسىلىدۇ . ھەر بىر خىش قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن چاكلىرىنى لاي بىلەن تولدۇرۇپ مۇستەھكەملەش لازىم .

(5 ) لاي تۈزلەش چۆپگىزى بىلەن تام قوپۇرۇش . بۇ يەنە «لايغا دەسسىتىپ خىش قويۇش ئۇسۇلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تام قوپۇرغاندا ، لاي ئۇسۇش چۆمۈچى بىلەن سېمونتلىق قۇم لاي ئۇسۇپ ئېلىنىپ تامغا تەكشى تۆكۈلىدۇ ، ئاندىن سول قولغا لاي تۈزلەش چۆپگىزىنى ئېلىپ ، قوپۇرمىنىڭ يان قىرىغا قويۇپ ، سېمونتلىق قۇم لاي ۋاداۋ بىلەن ئوڭ قولدا تەكشى يېيىتىلىدۇ (3 .11 ـ رەسىم ) . ھەر قېتىملىق يېيىتىلگەن سېمونتلۇق قۇم لاينىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم . بەك ئۇزۇن يېيىتىلسا ، ئاخىرقى بىر نەچچە خىشنى قويۇشقا كەلگۈچە سېمونتلىق قۇم لاي قويۇقلىشىۋېلىپ ، خىش بىلەن چاپلىشىش كۆچىگە تەسىر يېتىدۇ . ئەتىياز ، كۈز ، ھاۋا تۇتۇق چاغلاردا ياكى سېمونتلىق قۇم لاينىڭ ئۆلچەم نومۇرى تۆۋەنرەك چاغدىلا يېيىتىش ئۇزۇنلۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۇزارتسا بولىدۇ . خىش بىلەن تام قوپۇرغاندا سول قولغا خىشنى ئېلىپ ، ئوڭ قولدا ۋاداۋنى تۇتۇپ ، تىك چاكقا سېمونتلىق قۇم لاينى يېپىشتۇرۇپ خىشنى دەرھال قويۇش ، شۇنداقلا ئۇدۇل ، تۈز ، تەكشى قويۇش لازىم . بىر بۆلەكنى تاماملىغاندىن كېيىن ، ۋاداۋنى قويۇپ بولغان ئاخىرقى بىر خىش ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ ئاندىن لاينى ئېلىش ، مۇشۇ ئۇسۇلدا بۆلەك ـ بۆلەك بويىچە قوپۇرۇپ مېڭىش كېرەك .

تام قوپۇرۇش جەريانىدا تەكشى چاكىنىڭ تولدۇرۇلۇش دەرىجەسىگە تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەكشى يېيىتىلغان قۇم لايدىن تىك چاك لىيى ئېلىشقا بولمايدۇ.




11.3 ـ رەسىم: لاي تۈزلەش چۆپگىزى بىلەن تام قوپۇرۇش

لاي تۈزلەش چۆپگىزى بىلەن تام قوپۇرغاندا، قانچە ئادەم ئىشلەشنى تامنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىش لازىم. بىر توساق خىش تامنى قوپۇرغاندا، بىر ئادەم ئۆزى يېيىتىپ ئۆزى قوپۇرسا بولىدۇ. تام قېلىنراق بولسا بىر ئادەم لاي يېيىتسا، يەنە بىر ئادەم قوپۇرۇشقا ھەمكارلاشسا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئىشىك ـ دېرىزىلىرى كۆپرەك تاملارنى قوپۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

(6) لاي سىقىپ تام قوپۇرۇش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى بىر قولدا لاي سىقىپ تام قوپۇرۇش ياكى ئىككى قولدا لاي سىقىپ تام قوپۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.


بىر قولدا لاي سىقىپ تام قوپۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، مەشغۇلات قىلغۇچى قوپۇرما يۆنىلىشىنى بويلاپ ئارقىسىغا چېكىنىپ مېڭىشى كېرەك. بىر قولدا لاي سىقىپ تام قوپۇرۇش ئۇسۇلى قالاق بىلەن تام قوپۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇنىڭدا بىر قالاق لاي، بىر دانە خىش، بىر قېتىم مىدىرلىتىپ سىقىشتىن ئىبارەت «ئۈچ بىر» قوپۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بىر قول بىلەن لاي

سقىپ تام قوپۇرۇش ئۇسۇلىدا ئۇدا مەشغۇلات ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ (3 .12 ـ رەسىم) . بۇنىڭدا ئىككى ئادەم بىر گورۇپپا بولۇپ تام قوپۇرىدۇ . بۇنىڭ ئىش ئۈنۈمى «ئۈچ بىر» تام قوپۇ- رۇش ئۇسۇلىنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ .



3 .12 ـ رەسىم : بىر قولدا لاي سقىپ تام قوپۇرۇش

ئىككى قولدا لاي سقىپ تام قوپۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تام قوپۇرغاندا ، لاي ئىككى باشتىن يېيىتىلىدۇ . لاي يېيىتىش سايمان- لىرىدىن لاي قسقۇچ قاتارلىق ھەر خىل لاي يېيىتىش سايمانلىرى- نى ئىشلىتىشكە بولىدۇ . بۇ ئۇسۇلدا ، سېمونتلىق قۇم لاي يېيە- تىلغاندىن كېيىن خىش قويغۇچىلار دەرھال يېتىشىپ ، ئىككى قولىغا خىشنى ئېلىپ لايىنى سقىشى كېرەك (3 .13 ـ رەسىم) .



3 .13 ـ رەسىم : ئىككى قولدا لاي سقىپ تام قوپۇرۇش

### 3) تام قوپۇرۇشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق


تام قوپۇرۇشتىن بۇرۇن قوپۇرمىنىڭ ئوق سىزىقى ۋە نومې- نال ئېگىزلىكىنى تەكشۈرۈش ھەم سېلىشتۇرۇش لازىم . يول

قويۇلىدىغان پەرق دائىرىسى ئىچىدە ، قوپۇرمىنىڭ ئوق سىزىقى ۋە نومىنال ئېگىزلىك پەرقىنى ئۇل ئۈستى يۈزىدە ياكى پول يۈزىدە توغرىلىسا بولىدۇ .

### 4 ) خىش تام قوپۇرۇش ئۇسۇلى

خىش تام قوپۇرۇش ئۇسۇلى خىلمۇخىل بولۇپ ، تۆۋەندە بىرقانچە خىل قوپۇرۇش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز .


1 . بىر بويىغا ، بىر توغرىسىغا قوپۇرۇش



a رەسىم

بۇ خىل ئۇسۇل يەر تەۋرەش رايونلىرىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ . تىك يۈزىدىن قارىغاندا ، بىر قۇر بوي خىش ، بىر قۇر توغرا خىش كىرىشتۈرۈلگەن دەستىلەنمە هاسىل بولىدۇ . هەرقايسى قۇرلاردىكى خىشلارنىڭ ئىچى ـ سىرتى ياپسا كەلتۈرۈلىدۇ . تامنىڭ سىرتىقى خىش يۈزىدىكى هەر بىر قۇر خىشنىڭ تىك چېكى 1/4 خىش ئۇزۇنلۇقىدا ئۆزئارا كىرىشتۈرۈلىدۇ . بۇ خىل قوپۇرۇلغان قوپۇرمىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ، كۈچ تارقىتىش ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ . ئۆيىنىڭ بوي يۆنىلىشىدىكى خىشلار كۆپ هاللاردا بويىغا قويۇلىدۇ . ئاراتام بىلەن چوققا تام كۆپ هاللاردا توغرا خىش بىلەن باشلاپ قوپۇرۇلىدۇ . پول ئاستى قەۋىتى توغرا خىش بىلەن ئاخىرلىشىشى كېرەك . بۇنىڭدا قۇرۇلۇشنىڭ كۈچ تەسىرىگە ئۇچراش تەلىپى

كۆزدە تۇتۇلىدۇ (a رەسىم) .





3 .13 ـ رەسىم : ئالتە خىل خىش تام قوپۇرۇش شەكلىنىڭ ئۆدۈلدىن كۆرۈنۈشى

بىر بويىغا ، بىر توغرىسىغا قوپۇرۇشتا ، ئوخشاش بىر قەۋەت كىرىشتۇرۇپ قوپۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق قوپۇرۇلىدۇ . چاكىنىڭ سىرتقى شەكلىدىن قارىغاندا « ⌶ » شەكىللىك چاكتەك كۆرۈنىدۇ . ئۇنىڭدا بويىغا قويۇلغان خىشنىڭ ئاستى ـ ئۈستى ئۆدۈل كەلتۈرۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، «+ » شەكىللىك (كرېست شەكىللىك ) چاك دەپ ئاتىلىدۇ .

2 . مېيخۇا گۈلى شەكلىدە توغرىسىغا قوپۇرۇش

بۇنىڭدا ئوخشاش بىر قەۋەتتىكى خىش ئىچىدە بويىغا بىر خىش ، توغرىسىغا بىر خىش قويۇپ ئايرىلىپ قوپۇرۇلىدۇ . ئاستى ـ ئۈستى قۇردىكى بوي ، توغرا خىشلار ئۆزئارا بېسىلىپ تۇرىدۇ . توغرا خىش بوي خىشنىڭ ئارىسىدا بولۇشى كېرەك . ئاستى ـ ئۈستى ئىككى قۇر خىش ئوتتۇرىسىدىكى تىك چاك 1/4 خىش ئۇزۇنلۇقىدا كىرىشتۇرۇلۇشى لازىم (b رەسىم) . بۇ


خىل ئۇسۇلدا تام قوپۇرغاندا تامنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ياخشى بولىدۇ ، لېكىن قوپۇرۇش مەشغۇلاتى بىرقەدەر قول تۇتىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئانچە كۆپ قوللىنىلمايدۇ .



b رەسىم

3 . بويىغا ئۈچ ، توغرىسىغا بىر خىشتا قوپۇرۇش


بۇ خىل قوپۇرمىنىڭ تىك يۈزىدىن قارىغاندا ، ئۈچ قەۋەت بويىغا ، بىر قەۋەت توغرىسىغا كۆرۈنىدۇ (c رەسىم ) . بۇ ئۇسۇلدا تام قوپۇرغاندا خىش ئاز پارچىلىنىدۇ ، ماتېرىيال تېجىلىدۇ ، مەشغۇلات ئاسان ، سۈرئەت تېز بولىدۇ . قوپۇرما ئىچىدىكى ئۈچ قەۋەت خىش ئوتتۇرىسىدا ئۇدا تۇتاشقان ئۈچ چاك ھاسىل بولىدۇ . بۇ خىل ئۇسۇلدا قوپۇرۇلغان تام ئۆلىنىشى ، چىدامچانلىقى ۋە پۈتۈن گەۋدىلىكى جەھەتتە بىر بويىغا ، بىر توغرىسىغا قوپۇرۇشقا يەتمەيدۇ .



c رەسىم

### 4 . بويىغا قوپۇرۇش ئۇسۇلى


ھەممە خىش بويىغا قويۇپ قوپۇرۇلىدۇ، ئاستى ـ ئۈستى ىككى قۇردىكى تىك چاكنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇش ئۇزۇنلۇقى 1/2 خىش ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ . بۇ ئۇسۇل يېرىم خىش بىلەن ئايرىۋې-تىلىدىغان تامغىلا ئىشلىتىلىدۇ (d رەسىم) .



d رەسىم

### 5 . چوڭ يېرىم خىشتا قوپۇرۇش

ئوخشاش بىر خىش قەۋىتى بويىغا ئىككى خىش ، توغرىسىغا بىر خىش قويۇلۇپ ، ئايرىلىپ قوپۇرۇلىدۇ . ئاستى ـ ئۈستىنى




e رەسىم

دەستىلەپ قوپۇرغاندا ، ئۈستى قۇردىكى توغرا خىشنى ئاستى قۇر-

دىكى ئۈچ پارچە بوي خىشنىڭ ئىككىنچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قو-
يۇش لازىم . ئاستى - ئۈستى ئىككى قۇردىكى خىشنىڭ تۇتاشتۇرۇ-
لۇش ئۇزۇنلۇقى 1/4 خىش ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ (e رەسىم ) . بۇ
خىل ئۇسۇلدا قوپۇرۇلغان تامنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بىر بويىغا ، بىر
توغرىسىغا قويۇپ قوپۇرۇلغان تامنىڭكىدىن ناچارراق بولىدۇ .

6 . توغرىسىغا قوپۇرۇش ئۇسۇلى

ھەممە خىش توغرىسىغا قويۇپ قوپۇرۇلىدۇ . ئاستى - ئۈستى ئىككى قۇردىكى تىك چاك 1/4 خىش ئۇزۇنلۇقىدا تۇتاشتۇرۇلىدۇ . بۇ خىل ئۇسۇل يۇمىلاق سۇ مۇنارى ، يۇمىلاق ئىسكىلات ، تۇرخۇن قاتارلىقلاردا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ (f رەسىم ) .



f رەسىم


## 5 ) خىش تامنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇش شەكلى ۋە ئۇسۇلى

1 . ئۇلاق

خىش تامنىڭ ئايلانما بۇلۇڭى بىلەن T شەكىللىك ئۇلاق تامنى بىرلا ۋاقىتتا قوپۇرۇش كېرەك . بىرلا ۋاقىتتا قوپۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان T شەكىللىك تاملارغا ۋاقىتلىق يانتۇ ئۇلاق ۋە تىك ئۇلاق قالدۇرۇش كېرەك .

(1 ) يانتۇ ئۇلاق . يانتۇ ئۇلاقنى تۇتاشتۇرۇپ قوپۇرۇشقا قال-
دۇرۇلغان ئۇلاق شەكلى پەلەمپەي شەكلىدە بولىدۇ . ئادەتتە يانتۇ


ئۆلاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئېگىزلىكىنىڭ 2/3 قىسمىچىلىك بولۇشى كېرەك . قالدۇرۇلغان ئۆلاق خىشى تەكشى ، تۈز بولۇشى ، ئۆلاقنىڭ يان يۈزى تىك بولۇشى كېرەك . يانتۇ ئۆلاقنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى ، تۇتاشتۇرۇشقا ئاسان ، چاكلار لايغا تولتۇرۇلىدۇ ، ئۆلاق سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئاسان . لېكىن ئۇنىڭ قالدۇرۇلىدىغان ئۆلاق ئورنى چوڭ بولىدۇ . ئىش ئورنىنى كۆپ ئىگىلەپ كېتىشتەك كەمچىلىكمۇ بار . يانتۇ ئۆلاقتا تام گەۋدىسىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۆلاق قالدۇرۇشتا مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك (3 . 14 ـ رەسىم) .




3 . 14 ـ رەسىم : يانتۇ ئۆلاق

(2) تىك ئۆلاق . قوپۇرمىنىڭ ۋاقىتلىق ئۈزۈك قىسمىدا شارائىت چەكلىمىسى ياكى تام قىسقا بولۇش تۈپەيلىدىن يانتۇ ئۆلاق (باسقۇچلۇق ئۆلاق) قالدۇرۇشقا بولمىغاندا ، تىك ئۆلاق قالدۇرۇلسا بولىدۇ . لېكىن ، ئىككى تامنىڭ تۇتىشىدىغان ئورنىنى

پولات چىۋىق بىلەن تۇتاشتۇرۇش لازىم . سىرتقى تامنىڭ ئايلانما بۇلۇڭىدىن تىك ئۇلاق قالدۇرۇشقا بولمايدۇ ، ئادەتتە يانتۇ ئۇلاق قالدۇرۇلىدۇ .تىك ئۇلاق قالدۇرغاندا ، تامنىڭ تۇتاشتۇرۇلىدىغان




3 .15 ـ رەسىم : تىك ئۇلاق


ئورنىغا ئېگىزلىك يۆنىلىشىنى بويلاپ ھەر 500 mm ئورۇندىكى چاك ئارىسىغا پولات چىۋىق تورىنى ئالدىن كۆمۈش ، ھەر يېرىم خىشلىق تاملارغا دىئامېتىرى 6 mm بولغان ئىككى تال پولات چىۋىق كۆمۈپ ، بوي ، توغرا تاملارنى مۇستەھكەم تارتىپ تۇتاشتۇ.

رۇش لازىم (3 .15 ـ رەسىم) . پولات چىۋىقنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا يەنە 90° لۇق ئىلمەك قوشۇلۇشى ، ئالتە ـ يەتتە بال يەر تەۋرەش رايونلىرىدا پولات چىۋىقنىڭ كۆمۈلۈش ئۇزۇنلۇقى 1000 mm دىن كەم بولماسلىقى كېرەك .

2 . تام بىلەن بېتون قۇرۇلمىلىق تۈۋرۈكنى تۇتاشتۇرۇش

تاملارنىڭ ھەرقايسى ئايلانمىلىرىغا پولات چىۋىقلىق سېمونت قۇرۇلمىلىق تۈۋرۈكلەر قويۇلىدۇ . تۈۋرۈك بىلەن تامنى تۇتاشتۇرغاندا چىشلىق ئۇلىنىش نۇقتىسى قالدۇرۇش ، بۇنىڭدا ئاۋۋال چىقىنىپ ئاندىن ئەسلىگە قايتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك . چىشلىق ئۇلىنىش نۇقتىسىنىڭ چىكىنىش ئۇزۇنلۇقى 100 mm دىن ، قايتىش ئېگىزلىكى 300 mm دىن تۆۋەن بولماسلىقى ، ھەر بىر تۈۋرۈككە ئۈچتىن ئارتۇق چىشلىق ئۇلىنىش نۇقتىسى قالدۇرۇلۇشى لازىم .

خىش تام بىلەن بېتون قۇرۇلمىلىق تۈۋرۈكنى مۇستەھكەم تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ھەر ئون قۇر خىش ئىچىگە ئۈچ تال ∅6 mm لىق پولات چىۋىق كۆمۈپ ، بوي ، توغرا تاملارنى مۇستەھكەم تارتىپ تۇتاشتۇرۇش كېرەك (3 .16 ـ رەسىم) .




3 .16 ـ رەسىم : تۈۋرۈك بىلەن خىشنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى

3 . ئېغىرلىق كۆتۈرگۈچى تام

بوي ، توغرا تاملار ئېغىرلىق كۆتۈرگۈچى تام بولسا ، T شەكىللىك تۇتىشىدىغان ئورۇندىن ئۇلاق قالدۇرغاندا ، ئۇلاق تۇتىشىدىغان ئورۇننىڭ ئاستىنقى قىسمىغا يانتۇ ئۇلاق قويۇش ، يانتۇ ئۇلاقنىڭ ئېگىزلىكىنى 1/3 تۇتاشما ئۇلاق ئېگىزلىكىدە قىلىش كېرەك . ئۇستى قىسمىدىن تىك ئۇلاق قالدۇرۇپ ، پولات چىۋىق بىلەن ئۇلاپ قويۇش لازىم . پولات چىۋىق $\varnothing 6$ mm دىن تۆۋەن بولماسلىقى ، كۆمۈلۈش چوڭقۇرلۇقى قالدۇرۇلغان تام ئۇلىقىدىن باشلاپ بىر دەك 500 mm دىن چوڭ ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولۇشى ، هەر بىر قەۋىتىدە ئىككى تالدىن ئارتۇق پولات چىۋىق بولۇشى كېرەك (3 .17 ـ رەسىم ) .


ئەگەر قېلىنلىقى 240 mm بولغان ئېغىرلىق كۆتۈرۈش رولىدا ئىگە تام بولسا ، تامنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى بىر قۇر خىشنى توغرىسىغا قويۇپ قويۇرۇش لازىم .




3 .17 ـ رەسىم : ئېغىرلىق كۆتۈرگۈچى تام

4 . خىش تامدىن تاختىپەر كۆزى ۋە ئىشلەش تۆشۈكى قالدۇرۇش

خىش تام قوپۇرۇلۇپ مەلۇم ئېگىزلىككە يەتكەندە تاختىپەر كۆزى قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . تاق رەتلىك تاختىپەر باغلىغاندا ، كىچىك توغرا بالداق (ئالتە گەزلىك كالتەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) نىڭ بىر ئۇچى خىش تامغا تىرەپ قويۇلىدۇ . تام قوپۇرغاندا ئالدى بىلەن تاختىپەر كۆزى قالدۇرۇش كېرەك . ئادەتتە ئۇ بىر مېتىر ئېگىزلىكتىن باشلاپ قالدۇرۇلىدۇ . تەكشىلىك ئارىلىقى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ ، كۆز قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈچ خىش قويۇلىدۇ . بۇ قوپۇرۇلغان خىشنىڭ ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ (3 .18 ـ رەسىم ) . تاختىپەر كۆزى ۋە تورۇبا تۆشۈكلىرىنى قالدۇرغاندا بىر تەرەپتىن قوپۇرۇپ ، بىر تەرەپتىن قالدۇرۇش كېرەك . قوپۇرۇپ بولغان تاملارنى چېقىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ تاختىپەر تۆشۈكى ۋە تورۇبا تۆشۈكلىرىنى قالدۇرۇشقا بولمايدۇ .




3 .18 ـ رەسىم : تاختىپەر كۆزى

1 . ياغاچ تاختىپەر تۆشۈكى
2 . پولات تورۇبا تاختىپەر تۆشۈكى

چوڭراق بولغان ئىشلەش تۆشۈكلىرىنى قالدۇرغاندا ، چوقۇم بەلگىلەنگەن ئورۇندىن قالدۇرۇش ، ئەگەر دېرىزە ئاستى قوپۇرۇل-

ـمغان بولسا ، سىرتتىن توشۇلىدىغان ماتېرىياللارنى شۇ ئورۇندىن توشۇپ كىرىش كېرەك .

ئەگەر چوققا تامدا ئىشىك ، دېرىزە ئورنى بولمىسا ، قالدۇرۇ- لىدىغان تۆشۈكنى ئۈچلۈق شەكىلدە قالدۇرۇش كېرەك . بۇنداق قالدۇرغاندا تامنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتمەيدۇ .

**6 ) خىش تام قوپۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار**

(1) خىش تامغا قىرلىرى تۈز ، رەڭگى تەكشى ، ئۆلچىمى بىر خىل خىشنى تاللاپ ئىشلىتىش لازىم .

(2) كەڭلىكى بىر مېتىردىن كىچىك بولغان دېرىزە ئارىسى- دىكى تاملارنى پۈتۈن خىش بىلەن قوپۇرۇش لازىم ، يېرىم خىش ياكى پارچە ـ پۇرات خىشلارنى تولدۇرۇلىدىغان ۋە كۈچ ئاز چۈشى- دىغان ئورۇنلارغا تارقاقلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك .

(3) خىش تام چېكىنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 10 mm بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ ، 8 mm دىن چوڭ ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولسىمۇ بولىدۇ . لېكىن ، 12 mm دىن چوڭ بولماسلىقى كېرەك .

(4) خىش تامنىڭ ھەممە چاكلىرى سېمونتلىق قۇم لاي بىلەن تولدۇرۇلۇشى ، تەكشىلىك چېكىنىڭ سېمونتلىق قۇم لاي بىلەن تولدۇرۇلۇش دەرىجىسى 80% تىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم .

(5) خىش تامنىڭ ھەر كۈنلۈك قوپۇرۇلۇش ئېگىزلىـ- كى 1.8 m دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى بولسا 1.2 m دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك .

(6) قوپۇرۇلغان تام گەۋدىسىگە پول ياكى ئۆگزە تاختىسى قويۇلمىغان چاغدا ، ئۇنىڭ تۇراقلىقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ، بو- راننىڭ ئۆرۈۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىرەك قويۇش لازىم .

(7) ئەگەر توك سىم يولىنى تام ئىچىگە ئېلىشقا توغرا

كەلسە ، خەتەر يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، سۇۋاق ئىچىگە ئەمەس ، بەلكى خىش تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا پولات تۇرۇبا ياكى سۇلياۋ تۇرۇبا قويۇپ ، توك سىمىنى ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك .

(8) تام يۈزىگە روزېتكا ئورۇنلاشتۇرغاندا ، خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، بىخەتەر ، سۇ ئۆتكۈزمەس قاپقىقى بولغان روزېتكىلارنى تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك .

(9) تام قوپۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان لاينى ۋاقتىدا ئىشلىتىپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم ، ساقلىنىش ۋاقتى تۆت سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك .

(10) سېرىق خىش بىلەن تام قوپۇرغاندا ، خىشنى بىر كۈن ئىلگىرى سۇغا تولۇق قاندۇرۇش لازىم .

(11) تام قوپۇرغاندا ، ئۆي ئىچىدىكى مورىنى ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ مۇۋاپىق جايغا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك .

(12) ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا ، بوي ، توغرا تاملارنىڭ ھەر تۆت مېتىر ئارىلىقىغا ، شۇنداقلا ئېغىرلىق كۆتۈرگۈچى تاملارغا پولات چىۋىقلىق بېتون تۈۋرۈك (ياكى ياغاچ تۈۋرۈك ) قويۇش كېرەك .

(13) قېلىنلىقى 240 mm بولغان ئېغىرلىق كۆتۈرگۈچى تام بولسا ، ئەڭ ئۈستىدىكى قۇرغا توغرا خىش قويۇلۇشى لازىم .

**7 ) قوپۇرۇلغان خىش تامنى تەكشۈرۈش**


خىش تام قوپۇرۇلۇپ مەلۇم ئېگىزلىككە يەتكەندە ۋاقتىدا تەكشۈرۈش لازىم . قوپۇرمىدا ئوق سىزىقىنىڭ ئېغىش دائىرىسى 10 mm دىن چوڭ بولماسلىقى ، ئۇل ئۈستى يۈزى ۋە پول يۈزى ئېگىزلىكى ±15 mm دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك . تام گەۋدىسىنىڭ قىڭغىرلىق پەرقىنى ئاسما گەز ئارقىلىق تەكشۈرۈش لازىم . ھەربىر قەۋەت خىش تامنىڭ يول قويۇشقا بولىدىغان قىڭ-

غىرلىق دائىرىسى 5 mm دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ، ئېگىزلىكى 10 m دىن ئېگىز ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان تامنىڭ يول قويۇشقا بولىدىغان قىڭغىرلىق پەرقى 20 mm دىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك .


## 3 . پولات چىۋىقلىق ئىشىك بېشى

ئىشىك ـ دېرىزە كەڭلىكى 300 mm دىن چوڭ بولغان (ئىشىلەش تۆشۈكى ، ئىشىك ـ دېرىزە ) ئورۇنلارغا ئىشىك بېشى قويۇلىدۇ . ئىشىك بېشى ئىشىك ـ دېرىزە ئۈچۈن قويۇلغان بوشلۇق ئورنىدىن هەر ئىككى تەرىپىگە 250 mm دىن ئۇزۇن ياكى شۇنىڭغا تەڭ قىلىپ ياسىلىدۇ (3 .3 ـ چېرتيوژدىكىدەك ) .

ئىشىك بېشىنىڭ كەسمە يۈز كۆرۈنۈشى 370 mm×120 mm لىق ياكى 120 mm × 240 mm لىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ ، 120 mm×370 mm لىق پولات چىۋىقلىق بېتون ئىشىك بېشى سىرتقى تام ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىغا ، 120 mm×240 mm لىق پولات چىۋىقلىق بېتون ئىشىك بېشى ئىچكى تام ئۈستىدىكى ئىشىك بوشلۇقى ئۈستىگە قويۇلىدۇ .




3 .3 ـ چېرتيوژ : پولات چىۋىقلىق ئىشىك بېشىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى




3. 19 ـ رەسىم : پولات چىۋىقلىق ئىشىك بېشىنىڭ كەسمە يۈزى

پولات چىۋىقلىق ئىشىك بېشى C20 نومۇرلۇق بېتون لاي بىلەن ئىشلىنىدۇ .

C20 نومۇرلۇق بېتون لاي ($0.25\ m^3$ لاي )نى تەييارلاش :

بۇ خىل لايغا R32.5 نومۇرلۇق سېمونتتىن 82.5 كىلوگرام ، قۇمدىن 186.5 كىلوگرام ، 5 mm~20 mm لىق شېغىلدىن 131.3 كىلوگرام ، 20 mm ~ 40 mm لىق شېغىلدىن 160.2 كىلوگرام ، سۇدىن 39.5 كىلوگرام كېتىدۇ .


## 4 . پولات چىۋىقلىق تۈۋرۈك

سىرتقى تام قىسمىغا 240 mm×370 mm لىق تۈۋرۈك (3. 20 ـ رەسىمدىكىدەك ) ئىشلىنىدۇ . ئۇنىڭغا C25 نومۇرلۇق بېتون لاي ئىشلىتىلىدۇ . سىرتقى تام ۋە ئىچكى تاملارغا تۈۋرۈك قويۇش ، تامنىڭ ئايلانما بولۇشى ، T شەكىللىك ئۇلانمىلىرى ۋە ھەر تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بوي تام ، توغرا تاملارغا تۈۋرۈك قويۇش كېرەك .

ئۆينىڭ بولۇڭىغا ، بوي ، توغرا تاملار (ئېغىرلىق كۆتۈرگۈچى تاملار )نىڭ ھەر تۆت مېتىر جايىغا بىردىن پولات چىۋىقلىق

بېتون تۈۋرۈك (ياكى ياغاچ تۈۋرۈك) قويۇلىدۇ.

تۈۋرۈككە پولات چىۋىق باغلىغاندا، ئاستى قىسمى 90° ئېگىلىدۇ، ئۇل لىم پولات چىۋىق بىلەن پۇختا باغلىنىپ، ئۈستىگە لاي تۆكۈلىدۇ. تۈۋرۈككە باغلانغان پولات چىۋىقنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىنىڭ ئېگىلگەن ئۇزۇنلۇقى 10 d (پولات چىۋىق دىئامېتىرىنىڭ 10 ھەسسىسى)دىن كىچىك بولماسلىقى كېرەك. تۈۋرۈكنىڭ ئاستى - ئۈستى قىسمىغا $\varnothing$100 mm لىق چەمبىرەك پولات چىۋىق، باشقا قىسىملارغا $\varnothing$200 mm لىق چەمبىرەك پولات چىۋىق باغلىنىدۇ.





3 .20 - رەسىم: پولات چىۋىقلىق تۈۋرۈكنىڭ توغرا كەسمە يۈزى

C25 نومۇرلۇق بېتون لاي ($0.25\ m^3$ لاي)نى تەييارلاش: بىر خىل لايغا R32.5 نومۇرلۇق سېمونتتىن 96.25 كىلوگرام، 5 mm~20 mm لىق شېغىلدىن 277.25 كىلوگرام، قۇمدىن 185 كىلوگرام، سۇدىن 41.5 كىلوگرام كېتىدۇ. سېمونت بىلەن قۇم، شېغىللارنىڭ نىسبىتى 1:1.92:2.88 بولىدۇ.

بېتون تۈۋرۈك (ياكى ياغاچ تۈۋرۈك) قويۇلىدۇ.

تۈۋرۈككە پولات چىۋىق باغلىغاندا، ئاستى قىسمى 90° ئېگىلىدۇ، ئۇل لىم پولات چىۋىق بىلەن پۇختا باغلىنىپ، ئۈستىگە لاي تۆكۈلىدۇ. تۈۋرۈككە باغلانغان پولات چىۋىقنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىنىڭ ئېگىلگەن ئۇزۇنلۇقى 10 d (پولات چىۋىق دىئامېتىرى-نىڭ 10 ھەسسىسى)دىن كىچىك بولماسلىقى كېرەك. تۈۋرۈكنىڭ ئاستى - ئۈستى قىسمىغا ∅100 mm لىق چەمبىرەك پولات چى-ۋىق، باشقا قىسىملارغا ∅200 mm لىق چەمبىرەك پولات چىۋىق باغلىنىدۇ.





20.3 - رەسىم: پولات چىۋىقلىق تۈۋرۈكنىڭ توغرا كەسمە يۈزى

C25 نومۇرلۇق بېتون لاي ($0.25 m^3$ لاي)نى تەييارلاش: بىر خىل لايغا R32.5 نومۇرلۇق سېمونتتىن 96.25 كىلوگرام، 5 mm~20 mm لىق شېغىلدىن 277.25 كىلوگرام، قۇمدىن 185 كىلوگرام، سۇدىن 41.5 كىلوگرام كېتىدۇ. سې-مونت بىلەن قۇم، شېغىللارنىڭ نىسبىتى 1:1.92:2.88 بولىدۇ.

## 5. چارچاپ

خىش تام يۇزىگە بىر قەۋەت چارچاپ ئىشلىنىدۇ. چارچاپ C20 نومۇرلۇق سېمونت، پولات چىۋىق ۋە قۇم لاي بىلەن ئىشلىنىدۇ. ئۇنىڭ كەسمە يۈزى 240 mm×370 mm بولىدۇ (3. 21 ـ رەسىمدىكىدەك). ئىچكى ـ سىرتقى تاملار ئۈستىدىكى چارچاپ لېيىغا ھەر بىر مېتىر ئارىلىقتا ⌀150 mm ئۇزۇنلۇقتا ئىككى تال ⌀15 mm لىق، ئۇچى 90° ئېگىلگەن پولات چىۋىق كۆمۈلىدۇ.





3. 21 ـ رەسىم: پولات چىۋىقلىق چارچاپنىڭ توغرا كەسمە يۈزى

C20 نومۇرلۇق چارچاپ لېيى تەييارلاش ($0.25\ m^3$لاي تەييارلاش) ئۈچۈن كېتىدىغان ماتېرىياللار:

R32. 5 نومۇرلۇق سېمونت 82. 5 كىلوگرام، قۇم 186. 5 كىلوگرام، 5 mm~20 mm لىق شېغىل 131. 3 كىلوگرام، 20 mm~40 mm لىق شېغىل 160. 2 كىلوگرام، سۇ 39. 5 كىلوگرام.

## 6 . خىش تامنى ئەنكاپلاش

تام يۈزىنى چوقۇپ ئەنكاپلاش شەكلىنىڭ تۈز ئەنكاپ ، ئويمان ئەنكاپ ، يانتۇ ئەنكاپ ، دوقا ئەنكاپ قاتارلىق شەكىللىرى بار (3 .22 ـ رەسىمدىكىدەك ) . ئويمان ئەنكاپ بىلەن تۈز ئەنكاپ كۆپ قوللىنىلىدۇ . ئەنكاپلاشنىڭ ئەسلىي لاي بىلەن ئەنكاپلاش ۋە لاي قوشۇپ ئەنكاپلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلى بار . لاي قوشۇپ ئەنكاپلىغاندا 1:1.5~1:1 لىك سېمونت لاي ئىشلىتىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ . ئەنكاپلاشتىن ئىلگىرى تام يۈزىدىكى قۇم ـ لاي ، چاڭ ـ توزان ، پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاش ھەمدە تامنى نەمدەش كېرەك . كەمتۈك ، قىرى پۇچۇلغان خىشلارنى تام رەڭگى بىلەن ئوخشاش لاي بىلەن تولدۇرۇپ رېمونت قىلىش ، تاختىپەر كۆزىنى ئەسلىي تام بىلەن ئوخشاش رەڭدىكى خىش بىلەن تولۇقلاپ ھىم قىلىش لازىم . ئەنكاپلىغاندا چوقۇم بىر تەكشىلىكتە بولۇشىغا ، كرېست شەكىللىك ئورۇنلارنىڭ تەكشى ، سىلىق ئەنكاپلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك .




3 .22 ـ رەسىم : خىش تامنى ئەنكاپلاش شەكىللىرى
a . تۈز ئەنكاپلاش b . يانتۇ ئەنكاپلاش c . ئويمان ئەنكاپلاش
d . دوقا ئەنكاپلاش

خىش تامنى ئەنكاپلاشتا قىسقا قىر چىقارغۇچ ، ئۆزۈن قىر چىقارغۇچ ، چوتكا ، چۆپگەز قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ .

## 7 . قوپۇرما قۇرۇلۇشنى قىشتا ئېلىپ بېرىش

شىنجاڭنىڭ قىش ۋاقتى 160 كۈنگە يېتىدۇ . قۇرۇلۇش ئىش- لىرىنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قىش پەسلىمۇ قۇرۇلۇش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

قىش پەسلى قۇرۇلۇش قىلغاندا ، ئۇدا ئون كۈنلۈك تېمپېرا- تۇرا 5℃ تىن تۆۋەن بولسا ، قىشلىق قۇرۇلۇش قىلىش بەلگىلىمە- لىرى بويىچە قۇرۇلۇش قىلىش كېرەك .

1 . ئومۇمىي بەلگىلىمە

(1) كۈندىلىك ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 5℃ تىن تۆۋەن بول- سا ، قىشلىق قۇرۇلۇش سېلىش مەزگىلى بولىدۇ .

(2) قىشلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى (مەسىلەن ، خىش ، تاش قاتارلىقلار )دىكى قار - مۇزلارنى تازىلاش لازىم .

(3) سېمونتلىق قۇم لايغا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان سۇ بىلەن قۇمنى قىزدۇرۇش لازىم . لېكىن قىزدۇرغاندا سۇنىڭ تېمپېراتۇ- رىسى 80℃ تىن ، قۇمنىڭ تېمپېراتۇرىسى 40℃ تىن يۇقىرى بولماسلىقى كېرەك .

(4) قىشتا خىش تام قوپۇرغاندا ، «بىر بويىغا ، بىر توغرى- سىغا قوپۇرۇش» ۋە «ئۈچ بىر ئۇسۇلى»نى قوللىنىپ قوپۇرسا بولىدۇ . لاي يېيىتىش ئۇزۇنلۇقىنى ئىمكانقەدەر قىسقا قىلىش لازىم . سېمونتلىق قۇم لاينىڭ تېمپېراتۇرىسى تېز تۆۋەنلەپ ۋە سۈيى تېز يوقىلىپ ، چاپلىشىش چىداملىقلىقىغا تەسىر يېتىشنىڭ

خىش تامنى ئەنكاپلاشتا قىسقا قىر چىقارغۇچ ، ئۇزۇن قىر چىقارغۇچ ، چوتكا ، چۆپكەز قاتارلىق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ .

### 7 . قويۇرما قۇرۇلۇشنى قىشتا ئېلىپ بېرىش

شىنجاڭنىڭ قىش ۋاقتى 160 كۈنگە يېتىدۇ . قۇرۇلۇش ئىش-لىرىنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قىش پەسلىمۇ قۇرۇلۇش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

قىش پەسلى قۇرۇلۇش قىلغاندا ، ئۇدا ئون كۈنلۈك تېمپېرا-تۇرا 5°C تىن تۆۋەن بولسا ، قىشلىق قۇرۇلۇش قىلىش بەلگىلىمە-لىرى بويىچە قۇرۇلۇش قىلىش كېرەك .

1 . ئومۇمىي بەلگىلىمە

(1) كۈندىلىك ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 5°C تىن تۆۋەن بول-سا ، قىشلىق قۇرۇلۇش سېلىش مەزگىلى بولىدۇ .

(2) قىشلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى (مەسىلەن ، خىش ، تاش قاتارلىقلار )دىكى قار ـ مۇزلارنى تازىلاش لازىم .

(3) سېمونتلىق قۇم لايغا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان سۇ بىلەن قۇمنى قىزدۇرۇش لازىم . لېكىن قىزدۇرغاندا سۇنىڭ تېمپېراتۇ-رىسى 80°C تىن ، قۇمنىڭ تېمپېراتۇرىسى 40°C تىن يۇقىرى بولماسلىقى كېرەك .

(4) قىشتا خىش تام قوپۇرغاندا ، «بىر بويىغا ، بىر توغرى-سىغا قوپۇرۇش » ۋە «ئۈچ بىر ئۇسۇلى »نى قوللىنىپ قوپۇرسا بولىدۇ . لاي يېيىش ئۇزۇنلۇقىنى ئىمكانىقەدەر قىسقا قىلىش لازىم . سېمونتلىق قۇم لاينىڭ تېمپېراتۇرىسى تېز تۆۋەنلەپ ۋە سۈيى تېز يوقىلىپ ، چاپلىشىش چىداملىقلىقىغا تەسىر يېتىشنىڭ

ئالدىنى ئېلىش لازىم . سېمونتلىق قۇم لاينىڭ تولدۇرۇلۇش دەرىجىسى 90% تىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك .

(5) كۆندىلىك قوپۇرما پۈتكەندىن كېيىن ئاخىرقى بىر قۇر خىشنىڭ تىك چاكلىرىنى تولدۇرۇش لازىم . خىش ، تاشلارنىڭ ئۈستى يۈزىگە قۇم لاي يېپىشقا بولمايدۇ ، ئۈستىنى يېپىپ ئاسراش كېرەك .

2 . سېمونتلىق قۇم لايغا تۇز ئارىلاشتۇرۇش ئۇسۇلى

نۆلدىن تۆۋەن تېمپېراتۇرا شارائىتىدا ، تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە ئاساسەن ، سېمونتلىق قۇم لايغا ئاش تۇزى ( NaCl) ئېرىتمىسى مۇئەييەن نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ، توڭلاشقا تاقابىل تۇرۇش خۇرۇچى قىلىنىدۇ .

(1) سېمونتلىق قۇم لايغا تۇز ئارىلاشتۇرۇش تەلىپى : ئۆي سىرتىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0~5℃ بولسا ، 2% لىك قويۇقلۇقتىكى ئاش تۇزى ئېرىتمە سۇيۇقلۇقى بىلەن لاي ئېتىلىدۇ ؛ ئۆي سىرتىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0~10℃ بولسا ، 3% لىك قويۇقلۇقتىكى ئاش تۇزى ئېرىتمە سۇيۇقلۇقى بىلەن لاي ئېتىلىدۇ .

(2) سېمونتلىق قۇم لاينىڭ تېمپېراتۇرا تەلىپى : سېمونتلىق قۇم لاينىڭ ئىش ئورنىغا توشۇلۇپ بارغان چاغدىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 5℃ تىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك . ئادەتتە ئارىلاشتۇرۇپ چىقىلغاندىكى تېمپېراتۇرىسى بىلەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ مۇتلەق قىممىتى ئوخشاش بولۇشى كېرەك . نەق مەيداننىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 15℃ بولسا ، ئارىلاشتۇرۇپ چىقىلغاندىكى سېمونتلىق قۇم لاينىڭ تېمپېراتۇرىسى 15℃ بولۇشى لازىم .

(3) قىشتا ئۆي سالغاندا قوپۇرمىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆل-

چەش خىزمىتىنى بەلگىلىمە بويىچە ئېلىپ بېرىش ھەمدە خاتىرىنى ياخشى يېزىش ، مەسىلە كۆرۈلسە ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ قۇرۇ- لۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم .

## 8 . ئۆگزە قۇرۇلۇشى

ئۆگزىنىڭ بالا بېشىغا ياغاچ تارتىپ بولغاندىن كېيىن ، سىرت- قى ۋە ئىچكى تاملاردىكى چارچاپقا كۆمۈلگەن پولات چىۋىققا مۇس- تەھكەم چېتىپ ، چارچاپ بىلەن مەھكەم تۇتاشتۇرۇش لازىم .

1 . ئۆگزە بالا بېشى ئۆلچىمى

تۆۋەندىكى ئۆلچەم بالا بېشىنى ئاساس قىلغان ھەر كۋادرات مېتىر ئۆگزە يۈزىگە 240 كىلوگرام يۈك ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلان- غان :

| 4.00 | 3.80 | 3.60 | 3.40 | 3.20 | 3.00 | 2.80 | 2.60 | ياغاچ ئۇزۇنلۇقى (m) / ياغاچ دىئامېتىرى (cm) / ياغاچ بىلەن ياغاچ ئارىلىقى (cm) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| Ø22 | Ø20 | Ø19 | Ø18 | Ø17 | Ø16 | Ø15 | Ø14 | 100 |
| Ø20 | Ø18 | Ø17 | Ø17 | Ø15 | Ø15 | Ø14 | Ø14 | 90 |
| Ø17 | Ø16 | Ø15 | Ø15 | Ø14 | Ø14 | Ø13 | Ø13 | 80 |
| Ø16 | Ø15 | Ø15 | Ø15 | Ø14 | Ø14 | Ø13 | Ø13 | 70 |
| Ø15 | Ø15 | Ø14 | Ø13 | Ø13 | Ø12 | Ø12 | Ø12 | 60 |

2 . ئۆگزە ئۈستىنى يېپىش ئۇسۇلى

ئۈستى يۈزى چاسا شەكىللىك ياسالغان لىم ئۈستىگە جەگە قويۇلۇپ ھەمدە جەگە بىلەن سىنجى ئۆزئارا چېتىشتۇرۇلۇپ، لىم بىلەن جەگە، جەگە بىلەن سىنجى پەرمان بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. جەگە ئۈستىگە مەخسۇس ياساپ تەييارلانغان ئۆلچەملىك ۋاسىلار زىچ ۋاسا جۈپ قىلىپ تىزىپ سېلىنىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە بىر قەۋەت قومۇش بورا سېلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە 100 mm قېلىنلىقتا توپا ياتقۇزۇلىدۇ. توپا تەكشى يېيىتىلىپ چىڭدالغاندىن كېيىن، ئۈستىگە سۇ ئۆتكۈزمەس ماتېرىيال (ماي قەغەز، قاراماي ياكى سامانلىق سېغىز لاي) يېيىتىلىدۇ، ئاندىن 50 mm قېلىنلىقتا توپا بىلەن تەكشى كۆمۈلىدۇ.

ئۆينىڭ تورۇس قىسمىنى سۇ ئۆتكۈزمەس رولىغا ئىگە پەنەركە ماتېرىياللىرى بىلەن ئاسما شەكىلدە ئىشلەش كېرەك. بۇنداق قىلمىغاندا قىش، ياز كۈنلىرى ئىسسىق سۇنىڭ ھورلىنىشى نەتىجىسىدە، جەگە، بالا بېشى شەكلىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ.

## 9 . ئىشىك ـ دېرىزە قۇرۇلۇشى

1 . ئىشىك ـ دېرىزە ئورنى ۋە ئىشىك بېشى قويۇش

ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىنى چېرتيوژدا كۆرسىتىلگەن ئۆلچەملەرگە ئاساسەن قويۇش كېرەك، ئۆزى بىلگەن شەكىلدە قويۇشقا بولمايدۇ.

قويۇلغان ئىشىك ـ دېرىزە ئورۇنلىرىغا ئىشىك بېشى سەپلەش كېرەك. ئىشىك بېشى سەپلىگەندە، ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىدىن ھەر ئىككى تەرىپىگە 250 mm نى قوشۇپ بېرىپ ئاندىن قويۇش

كېرەك . تام قويۇرۇش جەريانىدا ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىغا ياغاچ ئىشىك ـ دېرىزە قويۇلماقچى بولسا ، يان ياغاچقا ياندىش خىش قويۇپ قويۇرۇش ، تۆمۈر ئىشىك ـ دېرىزە قويۇلماقچى بولسا ، ئىككى تەرەپكە پولات چىۋىق قويۇپ قويۇرۇش كېرەك .

2 . ئىشىك ـ دېرىزە ئورۇنلاشتۇرغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار :

(1) ئۆينىڭ دېرىزىلىرىنى قوش قەۋەتلىك قىلىش لازىم . بۇنداق قىلىش چاڭ ـ توزاندىن ، ئىسسىق ـ سوغۇقتىن ساقلىنىشقا پايدىلىق .

(2) ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ گورىزونتال ، تىكلىكىنى تەكشۈرۈش كېرەك .

(3) ئىشىك ـ دېرىزە كېشەكلىرىنىڭ قىيسىيىپ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئەتراپىدىكى بوشلۇق ئورنىنى مۇستەھكەم ئېتىش ، يامغۇر سۈيى ، شامال ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك .

(4) ئورنىتىلىپ بولغان ئىشىك ـ دېرىزىلەر مىدىرلىماسلىقى ، چىڭ ، مۇستەھكەم ئورنىتىلىشى كېرەك .

(5) ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى چېرتيوژدىكى بوشلۇق ئورنىدىن 2 cm～3 cm ئەتراپىدا كىچىك قىلىپ ياساش كېرەك .

## 10 . يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆيلەرنى سېلىشتا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار

(1) ئۆينىڭ ئۇل قىسمىنى قويۇرۇشتىن ئاۋۋال كولانغان ئۇل يۈزىنى تولۇق ، تەكشى خاڭداش ، خاڭداش قېتىم سانىنى ئۈچ

قېتىمدىن تۆۋەن قىلماسلىق كېرەك . ئۇل گەۋدە قىسمى چوقۇم توڭلاش قەۋىتىنىڭ ئاستىدا بولۇشى كېرەك .

(2) ئۆينىڭ ئۇل تەگلىك قىسمىنى 400 mm × 800 mm دىن كىچىك قىلماسلىق، قوپۇرما ماتېرىيالى ئۈچۈن تاش ياكى تاش بېتون لېيى ئىشلىتىش، تاشنىڭ چىداملىق دەرىجىسى Mu20 دىن تۆۋەن بولماسلىق، بېتون لاينىڭ چىداملىق دەرىجىسى C20 دىن تۆۋەن بولماسلىق، قوپۇرما لېيىنىڭ چىداملىق دەرىجىسى M5.0 دىن تۆۋەن بولماسلىق كېرەك . ئۇل گەۋدە قىسمىنى كۆمگەندە، ھەر 30 cm قېلىنلىقتا بىر قېتىم خاڭداش، خاڭداش قېتىم سانى ئۈچ قېتىمدىن تۆۋەن بولماسلىق لازىم .

(3) ئۆينىڭ سىرتقى پول يۈزىگە سۇ قاچۇرغۇچى يۈز ئىشلەش لازىم . ئۇنى ئىشلەشتە 30 cm قېلىنلىقتا شېغىل تاش ياتقۇزۇپ، 15 cm قېلىنلىقتا C15 نومۇرلۇق بېتون لېيى تۆكۈپ، يۈز قىسمىنى سېمونتلىق قۇم لاي بىلەن سىلىق سۇۋاش لازىم .

(4) قوپۇرمىغا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز تۇپىلىق پىششىق خىشنىڭ چىداملىق دەرىجىسى Mu10 دىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك .

(5) تامنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا، ئاستى ۋە ئۈستىگە چارچاپ قويۇش كېرەك . چارچاپقا ئىشلىتىلىدىغان بېتون لاينىڭ چىداملىق دەرىجىسى C20 دىن تۆۋەن بولماسلىقى، چارچاپقا ئىشلىتىلىدىغان پولات چىۋىقنىڭ ئىككى بېشى 10 d (پولات چىۋىق دىئامېتىرىنىڭ 10 ھەسسىسى) ئۆلچەم بويىچە 180° تولۇق ئېگىلىشى، بېتون لېيى ياكى قوپۇرما لايغا ئىشلىتىلىدىغان سېمونتنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى ئۈچ ئايدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك .

(6) تام قوپۇرۇشتا تىك قۇلاق تاشلىماسلىق، جەزمەن يانتۇ قۇلاق تاشلاش كېرەك . تام بۇلۇڭلىرىغا ۋە توغرا تام بىلەن بوي

تام چېتىلغان، تۆۋرۈك بىلەن تام چېتىلغان جايغا ھەر 50 cm ئېگىزلىكتە ئۈچ تال ∅6 mm لىق پولات چۇۋۇق قويۇش، پولات چۇۋۇقنىڭ ئىككى بېشىنى 10 d (پولات چۇۋۇق دىئامېتىرىنىڭ 10 ھەسسىسى) ئۆلچەم بويىچە 90° ئېگىش كېرەك. پولات چۇۋۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1000 mm دىن قىسقا بولماسلىقى لازىم.

(7) ئىشىك ـ دېرىزە ئورنىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ئىشىك بېشى قويۇش كېرەك. ئىشىك بېشى ئىچىگە سەپلەنگەن پولات چۇۋۇق ئىشىك ـ دېرىزە كەڭلىكىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. كەڭلىك ئورنىنىڭ چوڭىيىشىغا قاراپ پولات چۇۋۇقنىڭ سانىنى ھەم دىئامېتىرىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش كېرەك.

(8) ئۆينىڭ سىرتقى تېمىنى بىر يېرىم خىش (370 mm) لىق، ئىچكى تېمىنى بىر خىش (240 mm) لىق قىلىپ قوپۇرۇش كېرەك.

(9) ئۆينىڭ دېرىزىلىرىنى قوش قەۋەت قىلىش كېرەك.

(10) ئۆگزە ئۈستىگە قويۇلغان جەگە ياغاچلارنىڭ كىچىك بېشىنىڭ دىئامېتىرى 200 mm دىن تۆۋەن بولماسلىقى، جەگىلەرنىڭ ئارىلىقى 800 mm~1000 mm دىن چوڭ بولماسلىقى كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا مەسىلىلەرگە يولۇققاندا لايىھىلەش ئورۇنلىرىدىن مەسلىھەت سوراپ ھەل قىلىش لازىم.

## تۆتىنچى ، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر

ياغاچ قۇرۇلمىلىق ، تۇز تورۇسلۇق ۋاسا جۇپ ئۆيلەر ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى ئەنئەنىۋى مىراسلاردىن بىرى بولۇپ ، قۇرۇلمىسى ، شەكلى ، ياساش تېخنىكىسى ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە نەقىش بېزەكلىرى جەھەتتە ئۆزلۈكسىز يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولماقتا .

ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ ئۇل قىسمى خىش ، بېتون ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى ئىشلەش ئۇسۇلىغا ئوخشاش ئىشلىنىپ ، ئۇل ئۇستى يۈزى (ئۇل بېتون لىم يۈزى )گە گورىزونتال تەكشىلىكتە ئىككى تال لىم ياغاچ قويۇلىدۇ . قويۇلغان ئۇل لىم ياغىچى بېتون لىمغا كۆمۈلگەن پولات چىۋىق بىلەن مۇستەھكەم تۇتاشتۇرۇلىدۇ . ياغاچ ئۇل لىم بولىسا چاسا شەكىلدە ئىشلىنىدۇ . ئىككى تال ئۇل لىم ياغاچ بىر - بىرىگە تەكشى گورىزونتال قويۇلۇپ ، ئۇستىگە تۈۋرۈك قويۇلىدۇ . ئۇل لىم ياغاچ بىلەن تۈۋرۈك پەرمان (ئىسكاپ ) بىلەن مەھكەم تۇتاشتۇرۇلىدۇ . تۈۋرۈك ئۇستىگە قويۇلغان ئاستى - ئۇستى لىملار پەرمان بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلۇپ ، لىم ، جەگە ، سىنجىلار ئۆزئارا پۇختا چېتىشتۇرۇلىدۇ ھەمدە لىم بىلەن لىم ئارىلىقى مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ . لىم بىلەن تۈۋرۈك 45° لۇق بولۇڭ ھاسىل قىلغان جاي ياغاچ تاختا بىلەن تەكشى تۇتاشتۇرۇلىدۇ . ياغاچ قۇرۇلمىلار ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن چىۋىقلار بىلەن چېتىلىپ چىۋىق تام يۈزى ھاسىل قىلىنىپ ، ئۇستىگە سېغىز لاي چېچىلىدۇ . ئاندىن تام يۈزى تەلەپ بويىچە سۇۋىلىدۇ ھەم بېزىلىدۇ .

**1) ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ ئۆگزە قۇرۇلۇشى**

(1) يۈزى چاسلانغان لىم ئۈستىگە جەگە، سىنجى ئۆزئارا چېتىشتۇرۇلۇپ لىم بىلەن جەگە، جەگە بىلەن سىنجى پەرمان (ئىسكاپ) بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. جەگە ئۈستىگە مەخسۇس ياسالغان ۋاسىلار تەكشى تىزىپ سېلىنىدۇ. لىم ئاستىغا ۋە جەگە، سىنجىلار يۈزىگە ھەر خىل شەكىلدىكى ياغاچ ئويما نەقىشلەر ئويۇلىدۇ.

(2) تىزىلغان ۋاسا ئۈستىگە يان پەۋزى 250 mm دىن چوڭ بولغان بىر قەۋەت قومۇش بورا سېلىنىدۇ.

(3) بورا ئۈستىگە 100 mm قېلىنلىقتا بىر قەۋەت ھەرە كېپىكى تۆكۈلىدۇ.

(4) ھەرە كېپىكى ئۈستىگە 40 mm～50 mm قېلىنلىقتا سامانلىق لاي تۆكۈلۈپ، ئۈستىدىن ئەندۈۋا بىلەن تەكشى سۈۋىلىدۇ.

(5) ئۆگزىگە تارتىلغان جەگىلەرنىڭ دىئامېتىرى 200 mm دىن تۆۋەن بولماسلىقى، ياغاچ بىلەن ياغاچ ئارىلىقى 800 mm～1000 mm دىن چوڭ بولماسلىقى كېرەك. ۋاسا بىلەن ۋاسىنىڭ ئارىلىقى 80 mm～100 mm دىن چوڭ بولماسلىقى، ۋاسىنىڭ قېلىنلىقى 40 mm～50 mm دىن كىچىك بولماسلىقى كېرەك.

(6) ئۆينىڭ مورىسىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ مۇۋاپىق جايغا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.


(7) ئۆگزە يۈزىدە مەلۇم يانتۇلۇق ھاسىل قىلىنسا ياخشىراق بولىدۇ. ئۆگزىنىڭ ھەر 3～4 مېتىر ئارىلىقىغا بىردىن يامغۇر چۈشۈش نورى قويۇش كېرەك.

**2 ) ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنى سېلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار**

(1 ) بېتون ئۇل لىمغا چوقۇم ∅6 mm لىق پولات چىۋىق كۆمۈش كېرەك .






(2 ) لىم بىلەن تۈۋرۈكنى چوقۇم پەرمان (ئىسكاپ ) بىلەن تۇتاشتۇرۇش لازىم .








(3 ) لىم بىلەن تۈۋرۈكنى تۇتاشتۇرىدىغان ياغاچ تاختاينىڭ قېلىنلىقى 80 mm دىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك .













ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي ئۇلىنىڭ توغرا كەسمىسى

# بىناكارلىق شەرتلىك بەلگىلىرى

| رەت نومۇرى | شەرتلىك بەلگىلەر | شەرتلىك بەلگە نامى |
|---|---|---|
| 1 |  | يېڭىدىن لايىھىلەنگەن بىنا |
| 2 |  | ساقلاپ قېلىنغان كونا بىنا |
| 3 |  | پىلاندىكى كېڭەيتىلگەن يەر |
| 4 |  | بۇزۇۋېتىلىدىغان كونا بىنا |
| 5 |  | سۇ مۇنارى |
| 6 |  | تۇرخۇن ، مورا |
| 7 |  | قورۇق تام ، دەرۋازا |
| 8 |  | ئۇچۇق ئىسكىلات |
| 9 |  | توپا توسۇش تېمى |

| | | |
|---|---|---|
| 10 |  | هەر خىل تەبىئىي تۇپراقلار |
| 11 |  | يامغۇر كۆلچىكى |
| 12 |  | ئوت ئۆچۈرۈش تۈگۈنى |
| 13 |  | ئەسلىدە بار يول |
| 14 |  | پىلاندىكى يول |
| 15 |  | پىيادىلەر يولى |
| 16 |   | مەيدانلارنىڭ نومىنال ئېگىزلىكى |
| 17 |  | كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخ |
| 18 |  | چىملىق |
| 19 |  | گۈللۈك |
| 20 |  | تەبىئىي تۇپراق |
| 21 |  | چىڭدالغان توپا |
| 22 |  | تاش تام |
| 23 |  | خىش تام |

| | | |
|---|---|---|
| 24 |  | بېتون |
| 25 |  | پولات چىۋىق |
| 26 |  | ئەينەك |
| 27 |  | ياغاچ |
| 28 |  | بىر قاناتلىق ئىشىك |
| 29 |  | قوش قاناتلىق ئىشىك |
| 30 |  | ئىچى - تىشىغا ئېچىلىدىغان ئىشىك |

| | | |
|---|---|---|
| 31 |  | ئايلانما ئىشىك |
| 32 |  | يۆگىمە ئىشىك |
| 33 |  | سىرتقا ئېچىلىدىغان دېرىزە |
| 34 |  | سىرتقا ئېچىلىدىغان تاق قانات دېرىزە |
| 35 |  | ئىچىگە ئېچىلىدىغان دېرىزە |

【قوشۇمچە】

## بىناكارلىققا ئائىت بىر قىسىم ئاتالغۇلار

| | |
|---|---|
| 安全 | بىخەتەر ، بىخەتەرلىك ، خەۋپسىزلىك ، ئامانلىق |
| 安全措施 | بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى |
| 安全带 | بىخەتەرلىك بەلۋېغى |
| 安全门 | بىخەتەرلىك ئىشىكى |
| 安全帽 | بىخەتەرلىك قالپىقى |
| 安全网 | ئېھتىيات تورى ، بىخەتەرلىك تورى |
| 安装 | قۇراشتۇرۇش ، ئورنىتىش |
| 保护层 | ئاسراش قەۋىتى |
| 环形基础 | ئويماق ئۇل |
| 背立面图 | ئارقا يۈز كۆرۈنۈشى |
| 比例 | ماسشتاب ، نىسبەت ، تاناسىپ |
| 壁纸 | تام قەغىزى |
| 表面压光 | يۈزىنى باستۇرۇپ سىلىقلاش |
| 表面裂缝 | يۈز يېرىقى ، يۈزدىكى دەز |
| 材料 | ماتېرىيال |
| 采光 | يورۇتۇش ، يوروقلۇق چۈشۈرۈش |
| 槽钢 | ئوقۇرلۇق پولات |
| 槽形板 | ئوقۇر شەكىللىك تاختا |
| 厕所 | ھاجەتخانا |
| 侧窗 | يان دېرىزە |
| 侧梁 | يان لىم ، يان جەگە |
| 测量工程 | ئۆلچەش ئىشلىرى |
| 层 | قەۋەت ، قاتلام |

| | |
|---|---|
| 层高 | قەۋەت ئېگىزلىكى |
| 层数 | قەۋەت سانى |
| 拆除 | بۇزۇش ، بۇزۇۋېتىش ، سۆكۈۋېتىش |
| 拆架 | جازا سۆكۈش |
| 拆模 | قېلىپ سۆكۈش ، قېلىپ ئاجرىتىش |
| 拆墙 | تام بۇزۇش ، تام چېقىش |
| 场地 | ئىش مەيدانى |
| 承重墙 | ئېغىرلىق كۆتۈرىدىغان تام ، ئېغىرلىق چۈشىدىغان تام |
| 尺寸 | ئۆلچەم |
| 尺寸线 | ئۆلچەم سىزىقى |
| 出入口 | كىرىش - چىقىش ئېغىزى |
| 厨房 | ئاشخانا |
| 窗口 | دېرىزە |
| 窗扇 | دېرىزە قانىتى |
| 窗台板 | دېرىزە تەكچە تاختىسى |
| 垂直度 | تىك ، ۋېرتىكاللىق |
| 瓷砖 | فارفور خىش |
| 搭设 | قۇرماق ، ياسىماق |
| 搭接 | ئۆتۈشتۈرۈپ ئۇلاش |
| 打夯 | خاڭداش |
| 灯线 | چىراغ سىمى |
| 底标号 | تۆۋەن نومۇرلۇق |
| 地面 | يەر يۈزى ، پول يۈزى ، پول |
| 地震 | يەر تەۋرەش |
| 电工 | توكچى |
| 电焊工 | كەپشەرچى |
| 垫层 | سېلىنچا قەۋەت |
| 垫板 | سېلىنچا تاختا |

| | |
|---|---|
| 垫块 | قىستۇرما |
| 多孔砖 | تۆشۈكلۈك خىش |
| 丁砖 | توغرىسىغا قويۇلغان خىش |
| 顶板 | ئۈستۈنكى تاختا |
| 顶层 | ئۈستۈنكى قەۋەت ، تورۇس |
| 顶棚 | تورۇس |
| 定位 | ئورۇن بەلگىلەش |
| 冬季施工 | قىشلىق قۇرۇلۇش قىلىش |
| 冻结层 | توڭلاش قاتلىمى |
| 洞口 | سۈڭگۈچ ، تۆشۈك ئېغىزى |
| 断面 | كەسمە يۈز ، ئۈزۈك يۈز |
| 断面图 | كەسمە يۈز كۆرۈنۈشى ، كەسمە يۈز خەرىتىسى |
| 方案 | لايىھە |
| 防水层 | سۇ ئۆتكۈزمەس قەۋەت |
| 房产 | ئۆي - جاي |
| 房屋 | ئۆي - ئىمارەت |
| 防潮层 | زەگۈندە ، نەم ئۆتكۈزمەس قەۋەت |
| 防火措施 | ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش |
| 房间 | ھۇجرا ، ئۆي |
| 封用 | ھىملاش |
| 扶手 | تۇتقۇچ |
| 附件 | قوشۇمچە ماتېرىيال |
| 复合 | مۇرەككەپ ، بىرىكىش |
| 杆件 | بالداق |
| 钢板网 | پولات تاختىلىق تور |
| 钢窗 | تۆمۈر دېرىزە |
| 钢管 | پولات تۇرۇبا |
| 钢筋 | پولات چىۋىق |

| | |
|---|---|
| 钢筋工 | پولات چىۋىق ئىشچىسى |
| 钢筋混凝土 | پولات چىۋىقلىق بېتون |
| 隔墙 | ئارا تام |
| 工程 | قۇرۇلۇش |
| 工地 | ئىش مەيدانى |
| 工作量 | ئىش مىقدارى |
| 工作服 | ئىش كىيىمى |
| 工字钢 | 工 شەكىللىك پولات |
| 公寓 | ساراي |
| 供水 | سۇ بىلەن تەمىنلەش |
| 勾缝 | ئەنكاپ ، ئەنكاپلاش |
| 勾缝墙 | ئەنكاپلانغان تام |
| 勾缝用砂浆 | ئەنكاپ لېيى |
| 构造 | تۈزۈلمە ،قۇرۇلما ، تۈزۈلۈش |
| 构造柱 | ئېھتىيات تۈۋرۈكى |
| 箍筋 | چەمبەر چىۋىق |
| 挂钩 | ئىلمەك ، چاتقۇچ |
| 挂架 | ئاسما جازا |
| 挂线 | يىپ تارتىش ، تانا تارتىش |
| 管道 | تۇرۇبا يولى |
| 规范 | قائىدە ، قېلىپ ، بەلگىلىمە |
| 过道 | كارىدور ، دەھلىز |
| 过梁 | ئىشىك بېشى |
| 过滤 | سۈزۈش ، پىلتىرلاش |
| 含水 | سۇ تەركىبى |
| 夯 | خاڭ ، چىڭداش |
| 荷载 | يۈك |
| 横杆 | توغرا بالداق |
| 横撑 | توغرا تىرەك |

| | |
|---|---|
| 护拦 | رېشاتكا ، توسما |
| 厚度 | قېلىنلىق |
| 灰缝 | لايلىق چاك |
| 混合 | ئارىلاشتۇرۇش |
| 混 土 | بېتون |
| 混水墙 | سۇۋاق تام |
| 基础 | ئۇل ، ئاساس |
| 基础标高 | ئۇلنىڭ نومىنال ئېگىزلىكى |
| 基础梁 | ئۇل لىمى |
| 基坑 | ئۇل ئورىكى |
| 技术资料 | تېخنىكا ماتېرىيالى |
| 加气混凝土 | گاز بېتون |
| 架子 | جازا |
| 箭力墙 | پالۋان تام |
| 建立 | قۇرۇش ، ئورنىتىش |
| 建设 | قۇرۇش ، قۇرۇلۇش |
| 建筑 | قۇرۇش ، بىنا ، ئىمارەت |
| 建筑面积 | قۇرۇلۇش كۆلىمى |
| 建筑工程 | بىناكارلىق ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى |
| 建筑总平面图 | قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي تەكشىلىك چېرتيوژى |
| 降水 | سۇ تارتىلىپ كېتىش ، هۆل - يېغىن |
| 浆 | لاي ، بوتقا |
| 胶合板 | پەنەركە |
| 角度 | بۇلۇڭ گرادۇسى |
| 角钢 | بۇلۇڭلۇق پولات ، ئۈچ قىرلىق پولات |
| 脚手架 | تاختىپەر |
| 间距 | ئارىلىق |
| 交换 | ئالمىشىش ، ئالماشتۇرۇش |

| | |
|---|---|
| 浇筑混凝土 | بېتون قۇيۇش |
| 脚手板 | تاختىپەر تاختىسى |
| 搅拌机 | ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى |
| 接地 | يەرلەشتۈرۈش |
| 截面 | كەسمە يۈز |
| 居住 | تۇرالغۇ (ئاھالە تۇرالغۇسى) |
| 接口 | ئۇلاش ئېغىزى |
| 接收 | قوبۇل قىلىش |
| 接头 | ئۇلاق، ئۇلانما باش چېتىق |
| 结构 | قۇرۇلما، تۈزۈلۈش |
| 结构图 | قۇرۇلما چېرتيوژى |
| 卷扬机 | چىغرىق ماشىنا |
| 经纬仪 | تېئودولىت |
| 井 | قۇدۇق |
| 均布荷载 | تەكشى تارقالغان يۈك |
| 竣工工程 | پۈتكەن قۇرۇلۇشلار |
| 竣工验收 | پۈتكەن قۇرۇلۇشنى ئۆتكۈزۈۋېلىش |
| 净距 | ساپ ئارىلىق |
| 锯 | ھەرە |
| 卷尺 | رولېتكا |
| 开标 | خېرىدار چاقىرىش |
| 开工 | ئىش باشلاش |
| 开关 | ۋىكلىيۇچاتېل، جۇمەك |
| 开裂 | يېرىلىش، چاك كېتىش |
| 抗震 | تەۋرەشكە چىداملىق، تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش |
| 抗震建筑 | يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئىمارەت |
| 空间 | بوشلۇق، ماكان |
| 客厅 | مېھمانخانا |

| | |
|---|---|
| 空斗墙 | كاۋاك تام |
| 空心板 | كاۋاك تاختا ، بېتونلۇق كاۋاك تاختا |
| 跨度 | چات ئارىسى |
| 框架 | رام |
| 拉杆 | تارتما بالداق |
| 拉力 | تارتىش كۈچى ، تارتىلىش كۈچى |
| 勒脚 | تاش پەۋاز |
| 立面图 | ئالدى كۆرۈنۈش چېرتيوژى |
| 立杆 | تىك خادا |
| 沥青 | ئاسفالت ، قاراماي |
| 砾石 | شېغىل |
| 建接 | تۇتاشتۇرۇش ، چېتىش ، ئۇلاش |
| 梁 | لىم ، جەگە |
| 裂缝 | دەز ، يېرىق ، چاك |

مەسلىھەتچىلەر :
ئەركىن ئىبراھىم
پولات ئۆمەر

ئۆي ، ھويلا ـ ئارام لايىھىلەشكە دائىر كىتابلار

# يېزا تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى لايىھىلەش ۋە سېلىش

تۈزگۈچى : ئابلىكىم تۇنىياز
مەسئۇل مۇھەررىرى : توختى تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى : ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : مىرزات ئابدۇللا تاجى
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون : 0991—2827472
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : ئۈرۈمچى داجىنما مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 3.125
قىستۇرما ۋارىقى : 4
نەشرى : 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1—5000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—10996—8
باھاسى : 6.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

ISBN 978-7-228-10996-8

9 787228 109968 >

定价：6.00 元